# ئۆلىمالار

# olimalar

انما يخشى الله من عباده العلماء

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.



2022-يىللىق 2-سان، ئومۇمىي 6-سان

— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —

ئۆلىمالار
olimalar

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION

بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇندەرىجە

ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە جامىئ تۈردە يېزىلغان ئەسەرلەر.... ئابدۇسالام تەكلىماكان (1)

ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ قىسقىچە ھاياتى ...................... مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت (17)

ھەقىقىي دىندارلىق بىزنىڭ نىجاتلىق يولىمىزدۇر ................. مۇھەممەد يۇسۇپ (32)

مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنى كۈچلەندۈرۈش بىزنىڭ چىقىش يولىمىز ................ ئالماس ھاجى (39)

ساغلاملىقنى ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساغلام ھاياتنىڭ ئاچقۇچىدۇر ........ پروفېسسور مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (46)

قىيامەتنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئەقلىي دەلىلى ........................ ئابدۇلئەھەد ھاپىز (50)

سۆز - چۆچەك تارقىتىشتىن ساقلىنايلى ............................... مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت (60)

2022-يىللىق
2-سان
(ئومۇمىي 6-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
دوكتور
ئاتاۋۇللاھ شاھيار

باش مۇھەررىر:
مۇھەممەد يۇسۇپ

تەھرىر ھەيئىتى:
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇسالام تەكلىماكان
ئابدۇلئەھەت ئۆجات
تاھىرجان ئابباس

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
ئىستىقلال مېدىيا
www.istiqlalmedia.com

0212 540 31 13
Adres: Kemalpaşa Mahallesi 1. Biga Sokak
No: 27 Daire:5 Küçükçekmece/İstanbul
www.olimalar.org olemalarjournili@gmail.com

# كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلار سەمىگە

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ 3 - يىلىنى تاماملىدى. بۇ جەرياندا تەھرىر ھەيئىتىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ۋە ھۆرمەتلىك ئاپتورلارنىڭ تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا قىممەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ژۇرنىلىمىز كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللىككە قاراپ ئىلگىرىلەپ كەلدى.

خۇددى بىز تۇنجى ساندا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئاساسىي نىشان قىلغان.

مەزكۇر ژۇرنال ھەرقايسى ساھەلەردە قەلەم تەۋرىتىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خەلقىمىزگە ئېھتىياجى بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشى، ئورتاقلاشماقچى بولغان مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن ھازىرلانغان ئەركىن سەھنە بولۇپ، ماقالە ئەۋەتىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

مەلۇمكى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە قەلەم قۇۋۋىتى ياخشى، پىكرى ئىلغار، ئىپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، تۈرلۈك ژانىرلاردا ئەسەر يازالايدىغانلار ئاز ئەمەس. بىز سىلەرگە سەھنە ھازىرلىدۇق، بىز ھەرقاچان سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداش! سىزنىڭ ژۇرنىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ساپاسىنى كۆتۈرۈش ھەققىدە پىكىر بېرىپ، باشقىلارغا تەۋسىيە قىلىپ قوللاپ بېرىشىڭىز بىزنى مەمنۇن قىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئۆلىمالار ژۇرنىلى» تەھرىراتى

ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ھەدىس (2)

# ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە جامىئ تۈرىدە يېزىلغان ئەسەرلەر



ئابدۇسالام تەكلىماكان
مارمارا ئۈنىۋېرسىتېتى ھەدىس دوكتورانتى

## ھەدىسلەرنىڭ بىرگە يېتىپ كېلىش جەريانى

ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەت، (باشقىلارنىڭ سۆزى ياكى ئىشىنى) ماقۇللاش ۋە سۈپەتلەرنى بىلدۈرىدىغان ئومۇمىي ئاتالغۇدۇر[1]. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان سۆز، ئىش - ھەرىكەت، سۈپەت (باشقىلارنىڭ سۆزى ياكى ئىشىنى) ماقۇللاش قاتارلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەۋە بولغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ بىرىكمىسىدۇر. ئون تۆت ئەسىر ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان بۇ بىرىكمىنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلىشىنىڭ ئۆزىنىلا بىر مۆجىزە دېسەك ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشى تۆت باسقۇچتىن تەركىب تاپقان:

«رىۋايەت باسقۇچى». يەنى: ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغاندا، ئۇنى كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە ئەستە تۇتۇش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ سائادەت دەۋرىدىلا باشلاپ بولغان.

«كىتابەت باسقۇچى» يەنى: ھەدىسلەرنىڭ رەتلەنمەستىن يېزىلىشى. بۇ باسقۇچمۇ سائادەت دەۋرىدە باشلانغان.

«تەدۋىن باسقۇچى» يەنى: يېزىلغان ھەدىسلەرنى ئىككى مۇقاۋا ئارىسىغا ئېلىپ كىتابلاشتۇرۇش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىبنى شىھاب زۇھرى تەرىپىدىن باشلانغان.

«تەسنىف باسقۇچى»، يەنى: ھەدىس ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنىڭ پەرقلىق مېتودلار بويىچە رەتلىنىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە باشلاپ، ئۈچىنچى ئەسىردە گۈللەنگەن. (ماقالىمىز بۇ باسقۇچنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە بولىدۇ).

ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشىنى يۇقىرىدىكى باسقۇچلار بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس سۆزلىگەن، ياكى بىرەر ئىش قىلغان چاغدا، كۆپىنچە ئەھۋالدا بىردىن كۆپ ساھابە سورۇندا

[1] جامالىدىن قاسىمىنىڭ «قواعد التحديث من فنون مصطلح الحديث» ئىسىملىك ئەسىرى، 20 - بەت، بەيرۇت، 2004.

مەۋجۇت بولاتتى. ساھابىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ھەدىسلەرنى يادقا ئېلىپ، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولسا، ئاز بىر قىسىم ساھابىلەر ھەدىسنى يېزىۋېلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئالدىنقى سانلاردىكى ماقالىلىرىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى شۇ پېتى يېزىۋالغان ساھابىلەر ۋە يازمىلىرى، ساھابىلەردىن ئاڭلىغانلار ھەدىسلەرنى يېزىۋالغان تابىئىيلار ۋە ئۇلارنىڭ يازمىلىرى، شۇنداقلا ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش دەۋردە ياشىغان مۇھەممەد ئىبنى شىھاب زۇھرى قاتارلىقلارنىڭ ھەدىسنى يېزىپ قالدۇرۇشتىكى تۆھپىلىرى ھەققىدە ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئارقىلىق ھەدىسلەرنىڭ ھىجرىيە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەسىرلەردە ئاۋۋال پەقەتلا ئاغزاكى رىۋايەت بىلەن يەتكۈزۈلگەنلىكى، ئاغزاكى رىۋايەتتە ئۇنتۇش ياكى ئۆزگەرتىش ئېھتىمالىنىڭ يۇقىرىلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسلەرگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سەپسەتە بايان قىلغان ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ سەپسەتىلىرى بىتچىت قىلىنغان. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپلا ئىلمىي خىزمەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئاشۇ مۇقەددەس يولغا قايتىماي تۇرۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ئەسلىتىلگەنىدى. بۇ ماقالىمىزدە ھەدىسلەرنىڭ خىلمۇ خىل مېتودلار بويىچە رەتلىنىشكە باشلاش جەريانى، خۇسۇسەن ھەدىسلەرنىڭ تېمىغا قارىتا رەتلىنىشى ۋە ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە بۇ مېتود بويىچە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەققىدە توختىلىدۇ.

ھەدىس تېكىستلىرى تۆۋەندىكى ئىككى مېتود بويىچە رەتلەنگەنلىكىنى بايان قىلىش مۇمكىن:

ھەدىسلەرنىڭ تېمىغا قارىتا رەتلىنىشى (يەنى: ھەدىس ئەسەرلىرىنىڭ ھەدىس تېكىستىدە بايان قىلىنغان تېمىغا ئاساسەن رەتلىنىپ، يېزىلىشى). سەھىھى بۇخارىدەك جامىئ، سۇنەنى تىرمىزىدەك سۇنەن، مۇسەننەفى ئابدۇررازاقتەك مۇسەننەف قاتارلىق تۈرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەر بۇنىڭغا ئۆرنەك بولالايدۇ.

ھەدىسلەرنىڭ راۋىيغا قارىتا رەتلىنىشى (يەنى: ھەدىسلەرنىڭ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان راۋىيلارنى ئاساس قىلغان ھالدا رەتلىنىشى). مۇسنەدى ئەھمەدتەك مۇسنەد، مۇئجەمۇلكەبىردەك مۇئجەم تۈرىدە يېزىلغان ئەسەرلەر بۇنىڭغا ئۆرنەك بولالايدۇ.

ھەدىسلەر يۇقىرىدىكى ئىككى مېتود بويىچە رەتلىنىپ، كۈنىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن. ماقالىمىزدە جامىئ تۈرىدىكى ئەسەرلەر ۋە ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە بۇ تۈردە يېزىلغان ئەسەر ۋە ئاپتورلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

جامىئ ئەرەبچىدە يىغىش

مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان جەمئ كەلىمىسىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، بىر يەرگە ئەكىلىپ، يىغقۇچى دېگەن مەنىدە[2]. جامىئ ھەدىس ئىلمىدە: ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە (كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئېلىم - بېرىم)، ئەخلاق، رىقاق (نەفسنى پاكلاش)، يېمەك - ئىچمەك ۋە سەپەر ئەخلاقى، تەپسىر، تارىخ، ئولتۇرۇپ - قوپۇش ئەخلاقى، زامانى ئاخىر مەلۇماتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ پەزىلەتلىرى قاتارلىق ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ سەككىز تېمىنىڭ تامامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەكىلدە يېزىلغان ئەسەرلەرگە بېرىلىدىغان ئىسىمدۇر[3]. جامىئ مېتودىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە يېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۈچىنچى ئەسىردە گۈللەنگەن. تۆۋەندە ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە جامىئ تۈردە يېزىلغان ئەسەرلەرنى قىسقىچە تونۇش بىلەن بىللە، بۇ تۈردە ھەدىس تەتقىقاتى ئېلىپ بارغان ئالىملارنىڭ ھاياتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، جامىئ تۈرى ۋە ئۇنىڭ ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردىكى ھەدىس تەتقىقاتىدىكى ئورنىنى يورۇتۇشقا غەيرەت قىلىمىز.

### ئىمام ئەبۇ ھەنىفە

ئەبۇ ھەنىفە نۇئمان ئىبنى سابىت، 80 (699) - يىلى كۇفىدە تۇغۇلغان[4]. ئۇ، ئەنەس ئىبنى مالىكنى كۆرگەن[5]. ئەبۇ ھەنىفە ھەمماد ئىبنى ئەبۇ سۇلايمان، رەبىئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇرراھمان، سەلەمە ئىبنى كۇھەيل، سىماك ئىبنى ھەرب، تاۋۇس ئىبنى كەيسان، ئاسىم ئىبنى ئەبۇ نەجۇد، ئامىر شەئبى، ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار، ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ، ئاتائ ئىبنى سائىب، ئىكرىمە، ئەمر ئىبنى دىنار، قەتادە ئىبنى دىئامە، مۇھەممەد باقىر، ئىبنى شىھاب زۇھرى، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، نافىئ، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى، ئەبۇ زۇبەير مەككى قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا، ئوغلى ھەمماد ئىبنى ئەبۇ ھەنىفە، ئىبراھىم ئىبنى تاھمان، ھەسەن ئىبنى زىياد لۇئلۇئى، زۇفەر ئىبنى ھۇزەيل، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممام، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى، مەككى ئىبنى ئىبراھىم، ھۇشەيم ئىبنى بەشىر، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، يەزىد ئىبنى زۇرەيئ، يەزىد ئىبنى ھارۇن، ئەبۇ ئىسھاق فەزارى قازى ئەبۇ يۇسۇف قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[6].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ماڭا سۇفيان بىلەن ئەبۇ ھەنىفىنى ئۇچراشتۇرمىغان بولسا، مەن ئىلىم ئەھلى بولالمايتتىم[7]. ئىمام شافىئى

---

[2] ئىبنى مەنزۇر «لسان العرب» ئىسىملىك ئەسىرى، 8 - جىلد، 53 - بەت. بەيرۇت - 1968.

[3] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) جامىئ ماددىسى، ئاپتورى: مۇھەممەد ياشار كاندەمىر.

[4] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) ئەبۇ ھەنىفە، ئاپتورى: مۇستافا ئۇزۇن پوستالجى، يۇسۇف شەۋكى ياۋۇز، ئەلى بارداك ئوغلى.

[5] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 29 - جىلد، 417 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[6] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 29 - جىلد، 422 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[7] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 29 - جىلد، 428 - بەت. بەيرۇت - 1980.

مۇنداق دەيدۇ: ئىمام مالىكتىن:

- ئەبۇ ھەنىفىنى كۆردۈڭمۇ؟ - دەپ سورالغاندى، ئۇ:

- شۇنداق، ماۋۇ تۈۋرۈكنى ئالتۇن دەپ ئىنسانلارنى قايىل قىلالايدىغان بىر كىشىنى كۆردۈم، - دەپ جاۋاب بەرگەن[8]. ئابدۇللاھ ئىبنى داۋۇد خەرىبى مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر نامازدا ئەبۇ ھەنىفىگە دۇئا قىلىشى كېرەك[9]. ئىمام شافىئى مۇنداق دېگەن: فىقھە ئۆگەنمەكچى بولغانلار ئەبۇ ھەنىفىگە شاگىرت بولۇشى كېرەك[10]. خارىجە ئىبنى مۇسئەب مۇنداق دەيدۇ: تۆت ئالىم بىر رەكئەتتە قۇرئاننى خەتمە قىلغان، ئۇلار: ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، تەمىم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئەبۇ ھەنىفەدۇر[11]. يەزىد ئىبنى ھارۇن مۇنداق دېگەن: نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە يولۇققتۇم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەزىلەت، پاراسەت ۋە تەقۋادارلىقتا ئەبۇ ھەنىفىگە يېتىدىغىنىنى كۆرمىدىم[12].

ئىمام ئەبۇ ھەنىفىنىڭ «ئەل فىقھۇلئەكبەر»[13]، «ئەل فىقھۇل ئەبسەت»[14]، «ئەلئالىم ۋەلمۇتەئەللىم»[15]، قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغاندەك، «مۇسنەد» ئىسىملىك بىر ئەسىرىمۇ بار. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مەزكۇر ئەسەرنى ئۆزى يازمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر مەزكۇر ئەسەردە جەملەنگەن. مەزكۇر «مۇسنەد»نىڭ ئىككى نۇسخىسى بار بولۇپ، بىرىنچىسى 340 (970) - يىلى ۋاپات بولغان ئىبنى ھارىس ھارىسى تەرىپىدىن جەملەنگەن[16]. ئىككىنچى نۇسخىسى بولسا 650 (1253) - يىلى ۋاپات بولغان ھەفسەكى تەرىپىدىن جەملەنگەن[17].

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە 150 (767) - يىلى ۋاپات بولغان[18].

### ئىمام ئەبۇ ئىسھاق فەزارى

ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھارىس ئىبنى ئەسمائ فەزارى، ئۇ ھەمىد تەۋىل، زائىدە ئىبنى قۇدامە، سۇفيان سەۋرى، سۇلايمان ئەئمەش، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئەۋزائى، ئاتائ ئىبنى سائىب، مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇسا ئىبنى ئۇقبە، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى، يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان. ئەبۇ ئىسھاقتىن بولسا، مۇھەممەد ئىبنى سالام بەيكەندى، ۋەلىد ئىبنى

[8] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 29 - جىلد، 429 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[9] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 29 - جىلد، 432 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[10] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 29 - جىلد، 433 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[11] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 29 - جىلد، 436 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[12] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 29 - جىلد، 439 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[13] ئەبۇ ھەنىفەنىڭ «الفقه الأكبر» ئىسىملىك ئەسىرى. رىياد - 2015.

[14] ئەبۇ ھەنىفەنىڭ «الفقه الأبسط» ئىسىملىك ئەسىرى. بەيرۇت - 2004.

[15] ئەبۇ ھەنىفەنىڭ «العالم والمتعلم» ئىسىملىك ئەسىرى. بەيرۇت - 2004.

[16] ئەبۇ ھەنىفەنىڭ «مسند الإمام الأعظم» ئىسىملىك ئەسىرى. بەيرۇت - 2008.

[17] ئەبۇ ھەنىفەنىڭ «مسند الإمام الأعظم» ئىسىملىك ئەسىرى. كاراچى - 2010.

[18] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 489 - بەت. بەيرۇت - 1996.

مۇسلىم، ئەمر ئىبنى مۇھەممەد ناقىد، بەقىييە ئىبنى ۋەلىد، ھەمماد ئىبنى ئۇسامە قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[19].

ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىجلى مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ئىسھاق تەقۋادار ۋە ئىشەنچلىك ئالىم ئىدى، ئۇ چېگرا رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا سۈننەتنى ئۆگەتكەن. ئەبۇ ئىسھاق تۇرغان رايونىدا ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتى[20].

ئىمام شافىئى مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە ھېچكىم ئەبۇ ئىسھاق فەزارىدەك ئەسەر يازمىغان[21].

ئىبنى ھىببان مۇنداق دېگەن: ئەبۇ ئىسھاق فەزارى 28 يېشىدا ھەدىس يېزىشنى باشلىغان[22].

ئەبۇ ئىسھاق فەزارىنىڭ «سىيەر» ئىسىملىك ئەسىرى ماراكەش 5 - مۇھەممەد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا دوكتورلۇق ماقالىسى سۈپىتىدە تەييار قىلىنغان ۋە 1987 - يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان. مەزكۇر ئەسەردە جىھادقا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان[23].

ئەبۇ ئىسھاق فەزارى 188 (804) - يىلى ۋاپات بولغان[24].

**ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق**

ئەبۇ بەكر مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ياسار ئىبنى خىيار مەدەنى، 80 (699) - يىلى مەدىنىدە تۇغۇلغان[25].

ئۇ دادىسى ئىسھاق ئىبنى يەساردىن دەرس ئېلىش بىلەن بىللە، ئەبان ئىبنى ئۇسمان ئىبنى ئاففان، ئەييۇب سىختىيانى، ھەمىد تەۋىل، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئەبۇ زىناد ئابدۇللاھ ئىبنى زەكۋان، ئابدۇرراھمان ئىبنى ھۇرمۇز ئەئرەج، ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكر، مۇھەممەد باقىر، ئىبنى شىھاب زۇھرى، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، مەكھۇل شامى، نافىئ، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىنى سەئىد ئەنسارى، ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان. ئىبنى ئىسھاقتىن بولسا، جەرىر ئىبنى ئابدۇلھەمىد، ھەمماد ئىبنى زەيد، ھەمماد ئىبنى سەلەمە، سۇفيان سەۋرى، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ھۇشەيم ئىبنى بەشىر، يەزىد ئىبنى زۇرەيئ، يەزىد ئىبنى ھارۇن قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[26].

زەھەبى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئىسھاق ئەنەس ئىبنى مالىك ۋە سەئىد

[19] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 2 - جىلد، 168 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[20] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 2 - جىلد، 169 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[21] ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىينىڭ «تهذيب التهذيب» ئىسىملىك ئەسىرى، 1 - جىلد، 80 - بەت. دەمەشق - 2013.

[22] ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىينىڭ «تهذيب التهذيب» ئىسىملىك ئەسىرى، 1 - جىلد، 81 - بەت. دەمەشق - 2013.

[23] ئەبۇ ئىسھاق فەزارىنىڭ «السير» ئىسىملىك ئەسىرى. بەيرۇت - 1987.

[24] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) ھۇشەيم ئىبنى بەشىر ماددىسى، ئاپتورى: ھەسەن گۈلەچ.

[25] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) ئىبنى ئىسھاق ماددىسى، ئاپتورى: مۇستافا فايدا.

[26] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 24 - جىلد، 411 - بەت. بەيرۇت - 1980.

ئىبنى مۇسەييىبنى كۆرگەن[27].

زەھەبى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئىسھاق مەدىنىدە ئىلىمنى يازغان تۇنجى كىشى ئىدى[28].

ئىبنى شىھاب زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: مەدىنىدە ئىبنى ئىسھاق بولسىلا، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئىلىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ[29]. شافىئى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشنى خالىغانلار ئىبنى ئىسھاقنى ئۇستاز تۇتۇشى كېرەك[30].

ئىبنى ئىسھاقنىڭ «سىيرەت» ناملىق ئەسىرىدىن باشقا «خەلىپىلەر تارىخى» ناملىق يەنە بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەنبەلەردە بايان قىلىنىدۇ[31]. ئۇنىڭ «سىيرەت» ناملىق ئەسىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى تەپسىلىي بايان قىلغان تۇنجى ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەر بىر نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان[32].

ئىبنى ئىسھاق 151 (768) - يىلى ۋاپات بولغان[33].

[27] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 13 - جىلد، 44 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[28] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 13 - جىلد، 46 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[29] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 24 - جىلد، 412 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[30] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 24 - جىلد، 413 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[31] ئىبنى نەدىمنىڭ «الفهرست» ئىسىملىك ئەسىرى، 136 - بەت. بەيرۇت - 1978.

[32] ئىبنى ئىسھاقنىڭ «السيرة النبوية» ئىسىملىك ئەسىرى. بەيرۇت - 2004.

[33] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 13 - جىلد، 67 - بەت. بەيرۇت - 1996.

## ئىمام ئىبراھىم ئىبنى تاھمان

ئەبۇ سەئىد ئىبراھىم ئىبنى تاھمان ئىبنى شۇئبە ھەرەۋى، 80 (699) - يىلىدىن كېيىن ھىراتتا تۇغۇلغان[34]. ئۇ، ئەييۇب سىختىيانى، سابىت ئىبنى ئەسلەم بۇنانى، ھەمىد تەۋىل، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبە، سۇفيان سەۋرى، ئەبۇ ھازىم سەلەمە ئىبنى دىنار، سۇلايمان ئەئمەش، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار، ئاتائ ئىبنى سائىب، ئەمر ئىبنى دىنار، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار، ئەبۇ زۇبەير مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم مەككى، مۇسا ئىبنى ئۇقبە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى، يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئىبراھىمدىن بولسا، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدى، ئەبۇ ھەنىفە، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[35].

يەھيا ئىبنى ئەكسەم مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئىبنى تاھمان خۇراسان، ئىراق ۋە ھىجاز ئەھلى ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ ئىلىملىك ھەدىسچى ئىدى[36].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئىبنى تاھماننىڭ كىتابلىرى سەھىھتۇر[37].

[34] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) ئىبراھىم ئىبنى تاھمان ماددىسى، ئاپتورى: مۇھەممەد ياشار كاندەمىر.

[35] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 2 - جىلد، 111 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[36] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 2 - جىلد، 112 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[37] ئىبنى ئەبۇ ھاتەم رازىينىڭ «الجرح والتعديل» ئىسىملىك ئەسىرى، 1 - جىلد، 270 - بەت.

ئىبراھىم ئىبنى تاھماننىڭ ئۇستازلىرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى «مەشيەخەتۇ ئىبنى تاھمان» ئىسمى بىلەن نەشر قىلىنغان[38].

مەنبەلەردە ئىبراھىم ئىبنى تاھماننىڭ «سۇنەن»، «مەناقىب»، «ھېيبەت نامىزى»، «تەفسىر»[39] قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ھېچبىرى كۈنىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

ئىبراھىم ئىبنى تاھمان 163 (780) - يىلى مەككىدە ۋاپات بولغان[40].

## ئىمام بەھز ئىبنى ھەكىم

ئەبۇ ئابدۇلمەلىك بەھز ئىبنى ھەكىم ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە قۇشەيرى، ئۇ دادىسى ھەكىم ئىبنى مۇئاۋىيەدىن دەرس ئېلىش بىلەن بىللە، زۇرارە ئىبنى ئەۋفادىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا ئىسمائىل ئىبنى ئۇلەييە، ھەمماد ئىبنى ئۇسامە، سۇفيان سەۋرى، ئىبنى شىھاب زۇھرى، مەئمەر ئىبنى راشىد، نەزر ئىبنى شۇمەيل، يەزىد ئىبنى ھارۇن[41]، ھەمماد ئىبنى سەلەمە، ھەمماد ئىبنى زەيد، يەھيا ئىبنى سەئىد قاتتان، مەككى ئىبنى ئىبراھىم قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[42].

يەھيا ئىبنى مەئىن، ئەلى ئىبنى مەدىنى، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى قاتارلىق ئۆلىمالار بەھزنىڭ ئىشەنچلىك راۋى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[43].

بەھز ئىبنى ھەكىمنىڭ دادىسى ئارقىلىق بوۋىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنى جەملىگەن بىر ئەسىرى بار[44]. مەزكۇر رىسالە قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى دارۇلئۇلۇم فاكۇلتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «مەجەللەتۇددىراسات ئەلئىسلامىييە ۋە بۇھۇس ئەلئاكادىمىييەت - ئىسلامىي ئاكادېمىك تەتقىقات ژۇرنىلى»نىڭ 2017 - يىلى يانۋاردا چىقىرىلغان 76 - سانىدا ئادىل ئابدۇشەكۇر زۇرەقى تەرىپىدىن تەھقىقلىنىپ، نەشر قىلىنغان[45].

بەھز ئىبنى ھەكىم 150 (768) - يىلىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان[46].

## ئىمام سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئىبنى ئەبۇ ئىمران كۇفى، 107 (725) - يىلى كۇفىدە تۇغۇلغان[47]. ئۇ، ئەييۇب

بەيرۇت - 1952.

[38] ئىبراھىم ئىبنى تاھماننىڭ «مشيخة ابن طهمان» ئىسىملىك ئەسىرى. دەمەشق - 1983.

[39] ئىبنى نەدىمنىڭ «الفهرست» ئىسىملىك ئەسىرى، 319 - بەت. بەيرۇت - 1978.

[40] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 13 - جىلد، 431 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[41] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 4 - جىلد، 261 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[42] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 313 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[43] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 313 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[44] زەھەبىينىڭ «تاريخ الإسلام ووفيات المشاهير والأعلام» ئىسىملىك ئەسىرى، 9 - جىلد، 80 - بەت. بەيرۇت - 1987.

[45] بەھز ئىبنى ھەكىمنىڭ «صحيفة بهز بن حكيم عن أبيه عن جده» ئىسىملىك ئەسىرى. قاھىرە - 2017.

[46] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 313 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[47] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ماددىسى،

سىختىيانى، جابىر ئىبنى يەزىد، جەئفەر سادىق، ھەمىد تەۋىل، رەبىئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇرراھمان، زەيد ئىبنى ئەسلەم، سۇفيان سەۋرى، ئەبۇ ھازىم سەلەمە ئىبنى دىنار، سۇلايمان ئەئمەش، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئاسىم ئەھۋەل، ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار، ئەبۇ زىناد، ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى قاسىم، ئىبنى جۇرەيج، ئەمر ئىبنى دىنار، مالىك ئىبنى ئەنەس، ئىبنى شىھاب زۇھرى، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، مەئمەر ئىبنى راشىد، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى، ئەبۇ زۇبەير مەككى قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. سۇفياندىن بولسا، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەھمەد ئىبنى سالىھ مىسرى، ئەھمەد ئىبنى مەنىئ بەغەۋى، ئىسھاق ئىبنى راھۋەيھ، ھارىس ئىبنى مىسكىن مىسرى، ھەمماد ئىبنى زەيد، زۇبەير ئىبنى بەككار، ئەبۇ خەيسەمە زۇھەير ئىبنى ھەرب، سەئىد ئىبنى مەنسۇر، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ھۇمەيدى، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئەبۇ بەكر ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدى، ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممام، ئەلى ئىبنى مەدىنى، قۇتەيبە ئىبنى سەئىد، مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى، مۇھەممەد ئىبنى سەلام بەيكەندى، مۇھەممەد ئىبنى سابباھ دولابى، مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف فىريابى، نۇئەيم ئىبنى ھەمماد مەرۋەزى، ھەنناد ئىبنى سۇررى، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتان، يەھيا ئىبنى مەئىن، يۇنۇس ئىبنى ئابدۇلئەئلا مىسرى قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[48].

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: مالىك ئىبنى ئەنەس بىلەن سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە بولمىغان بولسا ھىجازنىڭ ئىلمى يوقاپ كەتكەن بولاتتى[49]. ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ كىتابىنى سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەدەك بىلىدىغان يەنە بىر ئادەم كۆرمىدىم[50].

ئەلى ئىبنى جەئد مۇنداق دەيدۇ: ھىجرىيە 160 - يىلى كۇفىدە سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەدىن ھەدىس ئۆگىنىش ۋە يېزىشقا باشلىدىم، ئۇ بىرزگە قولىدىكى رىسالىلەردىن ئوقۇپ بېرەتتى، بىز يازاتتۇق[51].

ئەلى ئىبنى جەئدنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىدىن سۇفياننىڭ ھەدىس يازغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەپسىر ئىسىملىك بىر ئەسىرىنى بارلىقى مەنبەلەردە[52] بايان قىلىنغان ۋە مەزكۇر تەپسىر نەشر قىلىنغان[53]. ئىمام سۇيۇتى سۇفياننىڭ جامىئ ئىسىملىك بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان[54].

[48] مىززىيىنىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 188 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[49] مىززىيىنىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 189 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[50] مىززىيىنىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 190 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[51] خەتىب باغدادىينىڭ «تاريخ بغداد» ئىسىملىك ئەسىرى، 13 - جىلد، 281 - بەت. بەيرۇت - 2002.

[52] ئىبنى نەدىمنىڭ «الفهرست» ئىسىملىك ئەسىرى، 316 - بەت. بەيرۇت - 1978.

[53] سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەنىڭ «التفسير» ئىسىملىك ئەسىرى. بەيرۇت - 1983.

[54] سۇيۇتىنىڭ «الدر المنثور في التفسير بالماثور» ئىسىملىك ئەسىرى، 14 - جىلد، 92 - بەت. مىسىر - 2003.

ئاپتورى: ئىبراھىم خەتىب ئوغلى.

سۇفيانىنىڭ شاگىرتى زەكەرىيا ئىبنى يەھيا مەرۋەزىنىڭ ئۇستازىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى رىسالە سۈپىتىدە نەشردىن چىققان[55]. ئىمام داۋۇدى سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەنىڭ «جاۋاباتۇلقۇرئان - قۇرئاننىڭ جاۋابلىرى» ناملىق بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ[56]، بۇ ئەسەرنىڭ «تەپسىر» ئىسىملىك ئەسەرنىڭ ئۆزى ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىكىتىلمىگەن.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە 198 (814) - يىلى مەككىدە ۋاپات بولغان[57].

## ئىمام سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبە

ئەبۇ نەزر سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبە بەسرى، 76 (695) - يىلى بەسرىدە تۇغۇلغان[58]. ئۇ، ئەييۇب سىختىيانى، ھەسەن بەسرى، ئەئمەش، قەتادە ئىبنى دىئامە، مالىك ئىبنى دىنار، نەزر ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك، مۇھەممەد ئىبنى سىرىن، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان، ئۇنىڭدىن بولسا، ئىسمائىل ئىبنى ئۇلەييە، سۇفيان سەۋرى، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇلۋارىس ئىبنى سەئىد، نەزر ئىبنى شۇمەيل، يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتان، يەزىد ئىبنى ھارۇن قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[59].

ئىمام زەھەبى مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبە بەسرە خەلقىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى ئىدى، ئۇ، ھەدىس ھەققىدە تۇنجى كىتاب يازغانلاردىن بىرى ئىدى[60].

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبەنىڭ ھەج ھەققىدە كەلگەن 163 ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مەناسىك» ئىسىملىك ئەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە نەشر قىلىنغان[61]. ئۇنىڭ «سۈنەن»[62]، «نىكاھ»[63]، «تالاق»[64] ئىسىملىك ئەسەرلىرى مەنبەلەردە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبە 156 (773) - يىلى ۋاپات بولغان[65].

## ئىمام مەئمەر ئىبنى راشىد

ئەبۇ ئۇرۋە مەئمەر ئىبنى راشىد ئەزدى، ئۇ 95 (715) - يىلى ئىراقنىڭ بەسرە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە يەمەنگە بېرىپ، شۇ يەردە يەرلىشىپ قالغان[66]. مەئمەر ئەييۇب سىختىيانى،

---

[55] سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەنىڭ «جزء فيه حديث سفيان بن عيينة» ئىسىملىك ئەسىرى. مىسىر - 1987.

[56] داۋۇدىنىڭ «طبقات المفسرين» ئىسىملىك ئەسىرى، 1 - جىلد، 198 - بەت. بەيرۇت - 1983.

[57] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 196 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[58] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى İslam) (Ansiklopedisi سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبە ماددىسى، ئاپتورى: مەھمەت ئەلى سۆنمەز.

[59] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 5 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[60] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 12 - جىلد، 1 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[61] سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبەنىڭ «المناسك» ئىسىملىك ئەسىرى. بەيرۇت - 2000.

[62] ئىبنى نەدىمنىڭ «الفهرست» ئىسىملىك ئەسىرى، 317 - بەت. بەيرۇت - 1978.

[63] ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىينىڭ «فتح الباري شرح صحيح البخاري» ئىسىملىك ئەسىرى، 16 - جىلد، 118 - بەت. دىمەشق - 2013.

[64] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «العلل و معرفة الرجال» ئىسىملىك ئەسىرى، 1 - جىلد، 319 - بەت. رىياد - 2001.

[65] زەھەبىينىڭ «تذكرة الحفاظ» ئىسىملىك ئەسىرى، 1 - جىلد، 134 - بەت. بەيرۇت - 1998.

[66] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى İslam) (Ansiklopedisi مەئمەر ئىبنى راشىد ماددىسى، ئاپتورى: ئىبراھىم خەتىب ئوغلى.

سابىت بۇنانى، جابىر ئىبنى يەزىد، زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئەئمەش، ئاسىم ئەھۋەل، ئەمر ئىبنى دىنار، قەتادە ئىبنى دىئامە، ئىبنى شىھاب زۇھرى، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، مەنسۇر ئىبنى مۇئتەمىر، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، ئاسىم ئىبنى ئەبۇ نەجۇد، ھەممام بىلىپ يېتىسەن[68]. ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دېگەن: مەئمەردىن ياخشى پايدىلىنىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن ئۇنىڭدەك ئىلمى بار ھېچكىم قالمىدى[69].

مەئمەرنىڭ جامىئ[70] ۋە ماغازى[71] ئىسىملىك ئەسەرلىرى بىلەن بىللە



ئىبنى مۇنەببىھ قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا، ئىسمائىل ئىبنى ئۇلەييە، ھەمماد ئىبنى زەيد، سۇفيان سەۋرى، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇرراززاق ئىبنى ھەممام، مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ۋاقىدى، يەزىد ئىبنى زۇرەيئ قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[67].

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دېگەن: مەئمەرنى ئۆز دەۋرىدە ياشىغانلاردىن كىم بىلەن سېلىشتۇرساڭ، ئىلمىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى

«تەپسىر» ئىسىملىك بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقى نەقىل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ «ماغازى» ئىسىملىك ئەسىرى ئىئوردانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ھەدىس بۆلۈمىدە ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى سۈپىتىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئەسەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان 23 غازات ھەققىدە

[67] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 28 - جىلد، 306 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[68] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 28 - جىلد، 307 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[69] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 28 - جىلد، 310 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[70] كىتتانىينىڭ «الرسالة المستطرفة لبيان مشهور كتب السنة المصنفة» ئىسىملىك ئەسىرى، 43 - بەت. بەيرۇت - 1986.

[71] ئىبنى نەدىمنىڭ «الفهرست» ئىسىملىك ئەسىرى، 138 - بەت. بەيرۇت - 1978.

مەلۇمات بېرىلگەن[72]. مەئمەرنىڭ تەپسىر ئىسىملىك ئەسىرى ھەققىدە ئابدۇررازراق ئىبنى ھەممام مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مەئمەر ئىبنى راشىدغا تەپسىر ئىسىملىك كىتابىنى تىڭشىتاتتى، مەئمەرمۇ ئۇ كىتابىدىن دەرس بېرەتتى[73].

مەئمەرنىڭ جامىئ ئىسىملىك ئەسىرى ئابدۇررازراق ئىبنى ھەممامنىڭ مۇسەننەف ئىسىملىك ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر 1983 - يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان. كىتابنىڭ مەزكۇر باسمىسىدا مەئمەر ئىبنى راشىدتىن رىۋايەت قىلىنغان 1614 ھەدىس نەقىل قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ھەدىسلەر ئەقىدە، ئەدەپ - ئەخلاق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىسلەتلىرى، ئىبادەتلەر، ئىسلامدىكى ئادالەت سىستېمىسى، ئىسلامدىكى سىياسىي ئەخلاق، سودا - سېتىق، ئىسلامدا چەكلەنگەن قىلمىشلار، ساھابىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىسى، قىيامەت ۋە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ سۈپەتلىرى قاتارلىق تېمىلارنى يورۇتقان[74].

ئىمام مەئمەر ئىبنى راشىد 153 (770) - يىلى يەمەندە ۋاپات تاپقان[75].

## ئىمام سۇفيان سەۋرى

ئەبۇ ئابدۇللاھ سۇفيان ئىبنى سەئىد ئىبنى مەسرۇق سەۋرى، ئۇ ھىجرىيە 97 (715) - يىلى كۇفىدە تۇغۇلغان[76]. ئۇ دادىسى سەئىد ئىبنى مەسرۇقتىن دەرس ئېلىش بىلەن بىللە، ئەبۇ ئىسھاق سۇبەيئى، سەلەمە ئىبنى كۇھەيل، ئەسۋەد ئىبنى قەيس، ئەئمەش، ھەمماد ئىبنى ئەبۇ سۇلايمان، سۇلايمان تەيمى، ھەمىد تەۋىل، زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار، ئەمر ئىبنى دىنار، ئەبۇ زىناد، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، ئەبۇ زۇبەير، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى قاتارلىق كاتتا ئالىملاردىن دەرس ئالغان. سەۋرىدىن بولسا، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئەۋزائى، مالىك ئىبنى ئەنەس، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدى، يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتان، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇررازراق ئىبنى ھەممام، فۇزەيل ئىبنى ئىياز، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، يەزىد ئىبنى ھارۇن، ئەلى ئىبنى جەئد قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان.

شۇئبە ئىبنى ھەججاج، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئەبۇ ئاسىم نەبىل، يەھيا ئىبنى مەئىن قاتارلىق ئالىملار: سۇفيان سەۋرى ھەدىس ئىلمىدە ئەمىرۇلمۇئمىنىن دېگەن ئۇنۋانغا لايىق، - دېگەن[77]. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېگەن: ھەدىس ئىلمىدە ئۈچ كىشى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر، ساھابىلەر دەۋرىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، تابىئىنلار

[72] مەئمەر ئىبنى راشىدنىڭ «المغازي» ئىسىملىك ئەسىرى، ئىئۇردانىيە - 1991.

[73] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «العلل و معرفة الرجال» ئىسىملىك ئەسىرى، 2 - جىلد، 361 - بەت. رىياد - 2001.

[74] ئابدۇررازراق ئىبنى ھەممامنىڭ «المصنف» ئىسىملىك ئەسىرى، 10 ۋە 11 - جىلد. بەيرۇت - 1983.

[75] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 13 - جىلد، 10 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[76] ئىبنى سەئدنىڭ «الطبقات الكبرى» ئىسىملىك ئەسىرى، 6 - جىلد، 371 - بەت. بەيرۇت - 1968.

[77] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 13 - جىلد، 273 - بەت. بەيرۇت - 1996.

دەۋرىدە شەئبى، ئەتبائى تابىئىنلار دەۋرىدە سۇفيان سەۋرى[78]. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ: ماڭا تەرىپى قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدە تەرىپىگە لايىق بولغان بىردىنبىر كىشى سۇفيان سەۋرىدۇر[79].

ئۇنىڭ بىر نەچچە ئەسەر يازغانلىقى مەنبەلەردە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، تەپسىر ھەققىدىكى بىر ئەسىرىدىن باشقا ئەسەرلىرى كۈنىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن. ئۇنىڭ تەپسىر ئىسىملىك ئەسىرىدە قۇرئان كەرىمدىكى 114 سۈرىدىن 49 سۈرە تەپسىر قىلىنغان. مەزكۇر ئەسەر 1983 - يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[80]. سەۋرىنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى يەنە بىر ئەسىرى «سۇفيان سەۋرىنىڭ بەزى ھەدىسلىرى» دېگەن ئىسىم بىلەن 2004 - يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئەسەردە 321 ھەدىس مەۋجۇت[81]. سۇفياننىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يەنە بىر ئەسىرى مىراس ھەققىدە بولۇپ، ئەسەردە مىراسقا مۇناسىۋەتلىك 92 ھەدىس مەۋجۇت[82]. سۇفيان ئۇنىڭ ئەلجامىئۇلكەبىر، ئەلجامىئۇسسەغىر قاتارلىق كىتابلىرى جامىئ تۈرىدە تۇنجى يېزىلغان ئەسەرلەر قاتارىدا زىكىر قىلىنىدۇ[83].

[78] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 13 - جىلد، 276 - بەت. بەيرۇت - 1996

[79] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 13 - جىلد، 273 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[80] سۇفيان سەۋرىنىڭ «التفسير» ئىسىملىك ئەسىرى، بەيرۇت - 1983.

[81] سۇفيان سەۋرىنىڭ «التفسير» ئىسىملىك ئەسىرى، بەيرۇت - 1983.

[82] سۇفيان سەۋرىنىڭ «الفرائض» ئىسىملىك ئەسىرى، رىياد - 1989.

[83] زىرىكلىينىڭ «الأعلام» ئىسىملىك ئەسىرى، 3 - جىلد، 104 - بەت. بەيرۇت - 2002.

سۇفيان سەۋرى 161 (778) - يىلى ئىراقنىڭ بەسرە شەھىرىدە ۋاپات بولغان[84].

### ئىمام ئىبنى جۇرەيج

ئەبۇ ۋەلىد ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى جۇرەيج مەككى، 80 (699) - يىلى تۇغۇلغان[85]. ئۇ دادىسى ئابدۇلئەزىز ئىبنى جۇرەيج، ئىسمائىل ئىبنى ئۇلەييە، ئەييۇب سىختىيانى، جەئفەر سادىق، ھەمىد تەۋىل، زەيد ئىبنى ئەسلەم، تاۋۇس ئىبنى كەيسان، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكە، ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ، ئاتائ ئىبنى سائىب، ئەمر ئىبنى دىنار، مۇجاھىد ئىبنى جەبر، ئىبنى شىھاب زۇھرى، ئەبۇ زۇبەير مەككى، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، مەئمەر ئىبنى راشىد، مەيمۇن ئىبنى مەھران، نافىئ، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان. ئىبنى جۇرەيجدىن بولسا، ھەفس ئىبنى غىياس، ھەمماد ئىبنى سەلەمە، ھەمماد ئىبنى زەيد، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، ئەۋزائى، ئابدۇررەززاق ئىبنى ھەممام، لەيس ئىبنى سەئد، مەككى ئىبنى ئىبراھىم، نەزر ئىبنى شۇمەيل، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتان قاتارلىق ئالىملار دەرس

[84] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) سۇفيان سەۋرى ماددىسى، ئاپتورى: رەجەب ئۆزدىرەك، ئەلى ھاكان چاۋۇش ئوغلى، ئابدۇررەززاق تەك.

[85] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) ئىبنى جۇرەيج ماددىسى، ئاپتورى: ئىسمائىل جەرراھ ئوغلى.

ئالغان[86].

ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممام مۇنداق دېگەن: ئىبنى جۇرەيجدەك گۈزەل ناماز ئوقۇيدىغان بىرىنى كۆرمىدىم[87]. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەككە خەلقى مۇنداق دېيىشەتتى: ئىبنى جۇرەيج نامازنى ئەتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھتىن ئۆگەنگەن، ئەتائ بولسا، ئىبنى زۇبەيردىن ئۆگەنگەن، ئىبنى زۇبەير بولسا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆگەن، ئۇ بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگەن[88].

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دېگەن: ھېچكىم ئىلمنى مەنچىلىك يازغان ئەمەس[89].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ: دادام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن:

- كىم تۇنجى كىتاب يازغان؟ - دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

- ئىبنى جۇرەيج ۋە ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبە، - دەپ جاۋاب بەرگەن[90].

زەھەبى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى جۇرەيج مەككىدە تۇنجى كىتاب يازغان كىشى ئىدى[91].

ئىبنى «تەپسىر» ئىسىملىك ئەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن،[92] لېكىن ئۇنىڭ «سۇنەن»[93]، «مەناسىك»[94]، «جامىئ»[95] ئىسىملىك ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەنبەلەردە بايان قىلىنغان بولسىمۇ كۈنىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

ئىمام ئىبنى جۇرەيج 150 (767) - يىلى مەككىدە ۋاپات بولغان[96].

### ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس

ئەبۇ ئابدۇللاھ مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك ئىبنى ئەبۇ ئامىر مەدىنە 93 (712) - يىلى مەدىنىدە دۇنياغا كەلگەن[97]. مالىك نافىئ، سەئىد مەقبۇرى، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، ئىبنى شىھاب زۇھرى، ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار، زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئەبۇ ھازىم سەلەمە ئىبنى دىنار، ئەبۇ زىناد ئابدۇللاھ ئىبنى زەكۋان، مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكر ئىبنى ھەزم، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى، ئەبۇ ھەنىفە، ئەۋزائى، شۇئبە، سەۋرى، ھەمماد ئىبنى زەيد، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس

[86] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 18 - جىلد، 346 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[87] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 18 - جىلد، 351 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[88] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 18 - جىلد، 352 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[89] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 18 - جىلد، 347 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[90] مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ئىسىملىك ئەسىرى، 18 - جىلد، 346 - بەت. بەيرۇت - 1980.

[91] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 396 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[92] ئىبنى جۇرەيج «التفسير» ئىسىملىك ئەسىرى. مىسىر - 1992.

[93] ئىبنى نەدىمنىڭ «الفهرست» ئىسىملىك ئەسىرى، 316 - بەت. بەيرۇت - 1978.

[94] دارقۇتنىنىڭ «العلل الواردة في الأحاديث النبوية» ئىسىملىك ئەسىرى، 12 - جىلد، 212 - بەت. رىياز - 1985.

[95] ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىينىڭ «فتح الباري شرح صحيح البخاري» ئىسىملىك ئەسىرى، 2 - جىلد، 389 - بەت. دەمەشق - 2013.

[96] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 11 - جىلد، 405 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[97] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) مالىك ئىبنى ئەنەس ماددىسى، ئاپتورى: ئەھمەت ئۆزەل.

ئالغان[98]. ئىمام مالىك 21 يېشىدىلا ئىلىم ئۆگىتىش ۋە پەتىۋا بېرىشنى باشلاپ بولغان[99]. ئۇنىڭدىن بولسا، ئىبنى ۋەھەب، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى، مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى، يەھيا ئىبنى يەھيا تەمىمى، ئەسەد ئىبنى فۇرات، مۇسئەب ئىبنى ئابدۇللاھ زۇبەيرى، قۇتەيبە ئىبنى سەئىد قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[100].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار ئۇلاغلىرىنى تەييارلاپ، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن تەرەپ تەرەپكە يولغا چىقىدۇ، لېكىن مەدىنىنىڭ ئالىمىدىن ئىلىملىك ئادەم تاپالمايدۇ»[101]. ھەدىس ئالىملىرىدىن سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مەدىنە ئالىمىنىڭ ئىمام مالىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[102].

ئىمام شافىئى مۇنداق دېگەن: مالىك بىلەن سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە بولمىغان بولسا ھىجاز ئەھلىنىڭ ئىلمي يوقاپ كەتكەن بولاتتى[103].

[98] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 8 - جىلد، 49 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[99] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 8 - جىلد، 55 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[100] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 8 - جىلد، 89 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[101] تىرمىزىينىڭ «السنن» ئىسىملىك ئەسىرى، 5 - جىلد، 47 - بەت. بەيرۇت - 1978، نەسائىينىڭ «السنن» ئىسىملىك ئەسىرى، 4 - جىلد، 263 - بەت. بەيرۇت - 2001، بەيھەقىينىڭ «السنن الكبرى» ئىسىملىك ئەسىرى، 1 - جىلد، 385 - بەت. مەككە - 1994.

[102] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 8 - جىلد، 57 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[103] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 8 - جىلد، 74 - بەت. بەيرۇت - 1996.

قازى ئەبۇ يۇسۇف مۇنداق دېگەن: ئەبۇ ھەنىفە، مالىك ۋە ئىبنى ئەبۇ لەيلادەك ئالىمنى كۆرمىدىم[104].

ئىمام شافىئى مۇنداق دېگەن: يەر يۈزىدە مالىكنىڭ مۇۋەتتەئ ئىسىملىك ئەسىرىدىن توغرىراق كىتاب يوقتۇر[105].

ئىمام مالىكنىڭ مۇۋەتتەئ ئىسىملىك ئەسىرىدە 2081 ھەدىس ۋە رىۋايەت[106] مەۋجۇت بولۇپ، بۇ كىتاب كۆپلىگەن نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئاbباسى خەلىپىسى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر ھەجگە كەلگەندە، مېنى يېنىغا چاقىردى، يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم ۋە مەندىن سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردىم، ئاندىن مەنسۇر ماڭا:

- مۇۋەتتەئنى نەچچە نۇسخا يازدۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان بارلىق شەھەرلەرگە يوللاپ، بۇ كىتاب بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى ۋە باشقا كۆز قاراش ۋە پىكىرلەرگە ئەگەشمەسلىكنى بۇيرۇسام دەپ ئويلىشىۋاتىمەن، - دېگەندى، مەن:

- ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى! ئۇنداق قىلمىسا، چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىر شەھىرىدە ئۆزىنىڭ ئۆلىماسى ۋە چۈشەنچىسى بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ نۇرغۇنلىغان شەھەرلەردە ئورۇنلاشقان ۋە ئۇ يەرلەردە دىنىنى يەتكۈزگەن، شۇڭا

[104] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 8 - جىلد، 94 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[105] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 8 - جىلد، 111 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[106] ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ئىسىملىك ئەسىرى، 4 - جىلد، 578 - بەت. دۇبەي - 2003.

مەدىنە ئالىملىرىنىڭ پىكرىنىلا ئاساس قىلساق توغرا بولمايدۇ، - دېدىم، شۇنىڭ بىلەن مەنسۇر:

- سەن رەت قىلمىغان بولساڭ، چوقۇم شۇنداق قىلغان بولاتتىم، - دەپ جاۋاب بەرگەن[107].

قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: قازى ئەبۇ ئەبدۇللاھ تۇستۇرى ئىمام مالىكنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە ئۈچ جىلد كىتاب يازغان، شۇنداقلا ئەبۇ ھەسەن ئىبنى فىھر مىسرى، قازى جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد فىريابى، ھافىز ئەبۇ بىشر دۇلابى، ئەبۇ ئىلاسە مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ غەسسان، ئىبنى جارۇد، ھافىز ئەبۇ ئابدۇللاھ ھاكىم، ئەبۇ زەر ھەرەۋى، ئەبۇ ئەمر ئىبنى ئابدۇلبەر، ئەبۇلۋەلىد ئەلباجى قاتارلىق ئالىملارمۇ ئىمام مالىكنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە كىتاب يازغان[108].

قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: مۇۋەتتەئنى ئىمام مالىكتىن نەقىل قىلغانلارنى بايان قىلغىنىمىزدا، ئىبنى ۋەھب، ئىبنى قاسىم، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى، شافىئى، قەئنەبى، يەھيا ئىبنى يەھيا تەمىمى، يەھيا ئىبنى يەھيا لەيسى، مۇسا ئىبنى تارىق، ئەسەد ئىبنى فۇرات، مۇسئەب ئىبنى ئابدۇللاھ زۇبەيرى، سەئىد ئىبنى ئەبۇ مەريەم، قۇتەيبە ئىبنى سەئىد قاتارلىق ئالىملارنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقىنى كۆرىمىز[109].

ئۆلىمالار ئىمام مالىكنىڭ مۇۋەتتەئ ئەسىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، بۇ قاتاردا ھافىز قاسىم ئىبنى ئەسبەغ ۋە ئەبۇلقاسىم جەۋھەرى ئىمام مالىكنىڭ ھەدىسلىرىنى ھەققىدە كىتاب يازغان، شۇنداقلا ئەبۇ زەر ھەرەۋىينىڭ «مسند الموطآت» ئەسىرى بار، ئىبنى ئەئرابىنىڭمۇ «مسند الموطأ» ئەسىرى بار، ئىمام نەسائىي، ئىبنى ئەدى، ئىبنى شاھىن، ئەبۇلقاسىم جەۋھەرى قاتارلىق ئالىملارنىڭ «مسند مالك» ئەسىرى بار، ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ «التقصي» ئەسىرى بار. ئىمام دارقۇتنىنىڭ «إختلافات الموطأ» ئەسىرى بار، ئىبنى جارۇد ۋە قاسىم ئىبنى ئەسبەغنىڭ «غرائب حديث مالك» ناملىق ئەسىرى بار. ئىبنى ۋەھبنىڭ مۇۋەتتەئنى ئىزاھلىغان ئەسىرى بار، شۇنداقلا ھەرمەلە ئىبنى يەھيا ۋە مۇھەممەد ئىبنى سەھنۇننىڭمۇ ئوخشاش مەزمۇندا كىتابى بار. ئىمام مۇسلىم ئىمام مالىكنىڭ ئۇستازلىرى ھەققىدە كىتاب يازغان. بۇرقىنىڭ مۇۋەتتەئتىكى راۋىيلەر ھەققىدە يازغان كىتابى بار. ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ «التمهيد» ۋە «الإستذكار» دەپ ئىككى شەرھى بار. قازى مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان ئىبنى خەلىپەنىڭ «المحلى شرح الموطأ» ئەسىرى بار، مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇ سۇفرەنىڭمۇ «شرح مسند الموطأ» ئەسىرى بار. قازى ئەبۇ بەكر ئىبنىلئەرەبىنىڭ «القبس في شرح

[107]زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئەسىرى، 8 - جىلد، 77 - 78 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[108] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئەسىرى، 8 - جىلد، 81 - 82 - بەت. بەيرۇت - 1996.

[109] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئەسىرى، 8 - جىلد، 83 - 84 - بەت. بەيرۇت - 1996.

المـوطأ» ئىسىملىك ئەسىرى بار[110].

ئىمام مالىكنىڭ مۇۋەتتەئ سىرتىدا يۇلتۇزلار ۋە ئاينىڭ ئورنى ھەققىدە بىر ئەسىرى، قازىلىق ۋە سوت ئىشلىرى ھەققىدە بىر ئەسىرى، ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدە بىر ئەسىرى، تەپسىر ھەققىدە بىر ئەسىرى بار. ئۇنىڭ سىرتىدا ئىمام مالىكنىڭ فىقھى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يىغقان ۋە مۇدەۋۋەنە ئىسىملىك ئەسەرنى يېزىپ چىققان[111].

ئىمام مالىك 179 (795) - يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان[112].

خۇلاسىلىگەندە: ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولغان ھەدىسنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئىسلامدىكى ئورنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئىسلامنى ھەدىستىن ئايرىپ، تەدرىجىي ھالدا قۇرئانغىمۇ تىل ئۇزىتىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى يوقىتىش دىن دۈشمەنلىرىنىڭ خىيالى بولۇپ كەلدى. ئەپسۇسكى بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارمۇ ئەنە شۇ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ، ئۇلارنىڭ ئازغۇن يولىدا پىداكارانە كېتىپ بارماقتا. دەل شۇنداق پەيتتە ئىسلامنى بىر پۈتۈن قوبۇل قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر تۈركۈم سالىھ ۋە تەقۋادار ئۆلىمالار ھەدىس ئىنكارچىلىرى ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ رەزىل مەقسەت - مۇددىئالىرىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ ئۆلىمالار دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدە ۋە پىرىنسىپلارغا قاراتقان ھۇجۇم خاراكتېرلىك سەپسەتىلىرىگە ئىلمىي ئاساسلار بويىچە رەددىيە بېرىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى قوغداپ قىلىشقا ھەرىكەت قىلماقتا.

شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان زۇلۇم ۋە ئازاب خەلقىمىزنى چىرمىۋالغان مۇشۇ كۈنلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆزىنى ئۆلىما چاغلىۋالغان بىر تۈركۈم ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە تىل ئۇزىتىپ، ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىللىرىنىڭ بىرى ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىش جەريانى بولۇپ، ماقالىمىزدە ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى سەپسەتىلىرىگە ئىلمىي ئۇسۇلدا رەددىيە بېرىشكە تىرىشتىم. يازغانلىرىمنىڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ ئىنئامى، خاتالىرى بولسا نەپسىم ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىندۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ ماقالىنىڭ مۇقەددەس دىنىمىزنى قوغداش يولىدىكى بىر خىزمەت بولۇپ قىلىشنى نېسىپ قىلسۇن ۋە ماقالىنى يازغان ۋە ئوقۇغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن، ئامىن!

[110] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 8 - جىلد، 86 - 88 - بەت. بەيرۇت 1996 -.

[111] زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ئىسىملىك ئەسىرى، 8 - جىلد، 89 - 90 - بەت. بەيرۇت 1996 -.

[112] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) مالىك ئىبنى ئەنەس ماددىسى، ئاپتورى: ئەھمەت ئۆزەل.



# ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ قىسقىچە ھاياتى



مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

**ئۆلىمالار كانى قەشقەر خانىلىق مەدرىسەسىنىڭ ئاخىرقى تەۋەررۇكى ئابدۇقادىر دامولالاھاجىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئىلمىي ھاياتى**

ئابدۇقادىر دامولالاھاجىم مىلادىيە 1915 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرى ئارغۇل كەنتىدە مەھپۇز ئاخۇن ئىسىملىك ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. خوتەن شەھىرى يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنىما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، تارىختا «ئۇدۇن» نامى بىلەن تونۇلغان قەدىمىي شەھەر بولۇپ، خەلقى ئىنتايىن دىندار، سەمىمىي، ئاقكۆڭۈل كىشىلەردۇر. مەزكۇرنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي بولغان لاسكۈي يېزىسى ئەنە شۇ خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق يېزىلاردىن بىرى بولۇپ، شەرق تەرىپى شەھەر بىلەن، غەرب تەرىپى خانئېرىق يېزىسى بىلەن، شىمال تەرىپى يېڭىئېرىق يېزىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى شورباغ يېزىسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. لاسكۈي مەمۇرىي جەھەتتىن ئون كەنتتىن تەشكىل تاپقان، زېمىنى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، مەنزىرىسى گۈزەل، تولىمۇ مېھرى ئىللىق بىر يۇرتتۇر. لاسكۈي خەلقى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان ئاشنالىقى، ئالىملارغا بولغان چىن ھۆرمىتى، دىن - دىيانىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن ئېسىل، پەزىلەتلىك خەلقتۇر.

ئابدۇقادىر دامولالاھاجىم ئەنە شۇنداق مۇھىتتا ئۆسكەن بولغاچقا، كىچىككىدىن باشلاپلا ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ چوڭ بولغان. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا سەۋىيەدىكى شەرئىي بىلىملەرنى لاسكۈي ۋە توساللا يېزىسىدىكى پېشقەدەم ئۇستازلاردىن ئالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇپ جاھالەت پاتقىقىدا ئىڭراۋاتقان ئەزىزانە خەلقىنىڭ ياراملىق ئالىمى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن، ئەينى يىللاردا «ئىككىنچى بۇخارا» دەپ نام ئالغان ئىلىم بۇلىقى قەشقەرگە ئالىي غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ھالدا تاغدەك ھىممەت بىلەن 15 كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ يېتىپ كەلگەن. بۇ ۋاقىت دەل 1944 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئابدۇقادىر دامولالاھاجىمنىڭ

ئامراق قىزى ئاسىيەخان ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇقادىر داموللاھاجىم قەشقەردە مەشھۇر خوتەن ئالىمى ئابدۇللاھ روزى داموللاھاجىم بىلەن بىرگە ئوقۇغان ئىكەن.

ئۇ زامانلاردا قەشقەر شەھىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئاۋات بىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان خانلىق مەدرىسەسى[1]، ساقىيە مەدرىسەسى[2]، ھېيتگاھ جامى مەدرىسەسى[3] قاتارلىقلار پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى 48 دانە[4] چوڭ - كىچىك مەدرىسەلەر ئىچىدە مۇدەررىسلىرىنىڭ سەرخىللىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇن ئالغان ھەمدە تەرەپ - تەرەپتىن ئىلىم شەربىتى ئىچىش ئۈچۈن كەلگەن تالىپلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى.

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم ئەنە شۇ ئۆلىمالار ئىچىدىن مەھمۇد داموللام[5]، ھاشىم ئاخۇن داموللام[6]، سۇلايمان داموللام[7]، ئىمىن

[1] قەشقەرنىڭ ياۋاغ رايونىغا جايلاشقان قەشقەر خانلىق مەدرىسەسى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تەخمىنەن مىلادى 1625 - يىللىرى بەرپا قىلىنغان، 1966 - يىلى ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەزكۇر مەدرىس تارىختا بىر قېتىم چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ چېقىۋېتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بىر قانچە ئېغىز خانىسى ساق قالغان، شۇنداقلا مەدرىسەنىڭ ئورنىنىڭ بىر قىسمى قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپكە، يەنە بىر قىسمىنى قەشقەر شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلگەن. ھازىر ئىزىمۇ سۈپۈرۈپ تاشلانغان.

[2] ساقىيە مەدرىسەسى 1900 - يىللىرى شەيخ ئىسلام باھاۋۇدۇن مەخدۇم تەرىپىدىن قەشقەردە قۇرۇلغان. 1914 - يىلى رەسمىي ئېچىلىپ، ئوقۇتۇش باشلانغان. شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىناكارلىق سەنئىتىنى قوللىنىپ ناھايىتى ھەيۋەتلىك سېلىنغان. كەڭ دەرۋازىلىق، ئىككى تەرىپىدە بىر ئېگىز مۇنار، تۆت ئەتراپى دەرسخانا، نۇتۇق سالونى ۋە تالىپلار ياتىقى، ئوتتۇرىسى كەڭ مەيدان، قىبلە تەرىپى چوڭ مەسجىدتىن تەركىب تاپقان بۇ گۈزەل تارىخى ئەسەر مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان.

[3] ھېيتگاھ جامىي مەدرىسەسى 1436 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىمۋوللۇق ئىمارەتلىرىدىن بىرى بولغان بۈيۈك ھېيتگاھ جامەسى بىلەن بىللە قۇرۇلغان جامە تەۋەلىكىدىكى ياتاقلىق مەدرىسە.

[4] مەنسۇر ئابدۇلباقىي بۇخارىنىڭ «ئىككى ھەرەمگە ھىجرەت قىلغان ماۋەرائەننەھىر ئۆلىمالىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 252 - بېتىگە قاراڭ. 1914 - يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان نۇشىرۋان يائوشىفنىڭ «ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 551 - بېتىدە خاتىرىلىنىشىچە، شۇ زاماندا قەشقەردە 14 مەدرىسە، 79 مۇدەررىس، 10085 تالىپ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چىقىملىرى ۋەخپىلەردىن بېرىلەتتى.

[5] مەھمۇت ئاخۇن داموللام: 1869 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، كىچىكىدىنلا ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ قەشقەردىكى ئۇستازلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1894 - يىلىدىن 1901 - يىلىغىچە بۇخاراغا بېرىپ ھەرقايسى پەنلەر بويىچە بىلىم ئاشۇرۇپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق ئالىم، مەشھۇر فىقھشۇناس بولۇپ، ئۆمۈر بويى مۇدەررىسلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇنلىغان كاتتا ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

[6] ھاشىم ئاخۇن داموللامنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى قاسىم ئاخۇن ناۋاي بولۇپ، مىلادىيە 1887 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن مەھمۇد ئاخۇن داموللام، شەمسىدىن داموللام، ئابدۇلقادىر داموللام قاتارلىق ئۇلۇغ ئۇستازلىرى بىلەن مۇدەررىسلىك ھاياتىنى باشلىغان. كېيىن شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، باش رەئىس، شەيخۇلئىسلام قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مەسئۇد سەبرى ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ باش ۋەكىلى بولغان. ئۇ فىقھى، ھەدىس، قىرائەت ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئىرچىل مۇدەررىسلىك قىلغان. ئەمما ئوقۇتۇش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئەسەر يېزىپ قالدۇرالمىغانىدى. 1947 - يىلى ئايالى ۋە ھارۇن، ئەمىن ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بىلەن ھەجگە كېلىپ، شۇ يىلى شابان ئېيىدا مەدىنەدە ۋاپات بولغان ۋە بەقىئ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

[7] سۇلايمان داموللام سەئىد ئاخۇننىڭ ئوغلى سادىق ھاجىمنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 1910 - يىلى خوتەندە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئىلىمسۆيەر كىشى بولۇپ، خىتاي تىلىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار 1916 - يىلى قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن. سۇلايمان داموللام دىنىي ۋە بىر قىسىم پەننىي بىلىملەرنى شەمسىدىن داموللام، مەھمۇد ئاخۇن داموللام، باھاۋۇدۇن مەخدۇم، ئەپەندى مەخدۇم، ئابدۇلقادىر داموللام ۋە ئەبۇلقاسىم ئاخۇن قاتارلىق كاتتا مۇدەررىسلەردە ئوقۇغان. ئۇ قەشقەردىكى ئەڭ بىلىملىك، ئەدەپلىك، تەقۋادار ئالىملاردىن ھەم ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق تىلشۇناس، تارىخشۇناس، ئەدىب، فىقھشۇناسلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەدەبىيات ۋە بالاغەت ئىلمىدە ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى. مۇتەنەببىي، ئىمرىئۇل قەيس، جەرىر،

مەۋلىۋى[8]، ئىسمائىل داموللام، ئابدۇللاھ دامولللام، هامىد دامولللام، ئابدۇرېشىت مەۋلىۋى، ئەهمەدخان دامولللام، مۇهەممەدخان مەخدۇم، ئابدۇلباقىي دامولللام، ئابدۇقادىر سەئىدىي دامولللام قاتارلىق كاتتا ئۆلىما ۋە مۇدەررىسلەردە ئىلىم تەهسىل قىلغان.

ئابدۇقادىر دامولللاھاجىم ئەنە شۇنداق ئىلىم پېشۋالىرىدىن هەدىس، تەپسىر، فىقىه، ئۇسۇل فىقىه، ئەقىدە قاتارلىق تۇرلۇك شەرىئەت ئىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن باشقا سەرف، نەهۋى، بالاغەت، ئەرەب نەسرىي ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىي ئەدەبىياتىغا ئالاقىدار مەشهۇر كىتابلارنى ئىنتايىن پىششىق ئوقۇغان هەمدە تالىپلار ئارىسىدا خەلپەت[9] بولۇپ، دەرس ئۆگىتىشكە ماهىر، كىلاسسىك كىتابلارنىمۇ تەمتىرىمەي ئۆگىتەلەيدىغان يېتۈك ئۇستازغا ئايلانغان.

ئەينى چاغدا خوتەن، بولۇپمۇ قەشقەر مەدرىسەلىرىدە «پەنجى گەنجى، تۆهپەتۇن نەسائىه، بىدىل، مەسنەۋى، بوستان، گۇلىستان، مەكتۇبات شەرىف، تەپسىر هۇسەينىي» قاتارلىق پارسچە كىتابلارمۇ مەدرىسەلەردە دەرس پىروگراممىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. «ئەلفىيىيە» قاتارلىق بىر قىسىم دەرسلىك

نابىغە، ئەختەل، ئەهمەد شەۋقىي قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى ياد بىلەتتى. بىدئەت ۋە خۇراپاتلارغا قارشى ئىدى. ئىزچىل مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. 12 يىل تۈرمىدە يېتىپ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن كىتاب يېزىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئەپسۇسكى، بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى يوق.

[8] خانلىق مەدرىسەنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىما ۋە كاتتا مۇدەررىسى.

[9] خەلپەت: ئوقۇغۇچىلارغا دەرس مۇزاكىرە قىلىپ بېرىدىغان، ئۇستازغا ۋاكالىتەن دەرس ئۆگىتىش سالاھىيىتىگە ئىگە چوڭ تالىپ.

كىتابلارنىڭ شەرھلىرىمۇ پارسچە ئىدى. شۇڭا ئۇ چاغلاردا پارسچىنىمۇ پىششىق بىلمىگەن ئالىم چوڭ ئۆلىما هېسابلانمايتتى. ئابدۇقادىر دامولللاھاجىم پارس تىلىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن بولۇپ، پارس ئەدەبىياتىغا هەقىقەتەن ماهىر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى.

ئابدۇقادىر دامولللاھاجىم قەشقەردىكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتىدىن سۆيۈنگەن ئۆلىما ۋە تالىپلار ئۇنى قەشقەر هېيتگاھ مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ئابدۇقادىر دامولللاھاجىم ئىلىم تەهسىل قىلىش بىلەن بىرگە ئوقۇغان ئىلمىنى تالىپلارغا ئۆگەتكەن.

هەر يىلى 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە تالىپلارنى تەتىلگە قويۇۋېتىش قەشقەر مەدرىسەلىرىنىڭ، جۈملىدىن خانلىق مەدرىسەنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىسى ئىدى. هەرقايسى شەهەر - يېزىلاردىن كەلگەن ئىلىمخۇمار تالىپلار تەتىل مەزگىلىدە يۇرتلىرىغا قايتىپ، ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇپ، ئويناپ - كۈلۈپ 9 - ئاينىڭ بېشىدا يېڭىچە روھ بىلەن مەدرىسەگە قايتىپ كېلەتتى. مەلۇم بىر يىلى ئابدۇقادىر دامولللاھاجىم ئاتۇشلۇق بىر ساۋاقدىشىنىڭ تەكلىپى بىلەن تەتىلنى ئاتۇشتا ئۆتكۈزمەكچى بولغان. لېكىن ئۇ ئاتۇشنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇپ، ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كەتمىگەن. ئۆزىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، هەر

كۈنى ئۈستەلنىڭ بويىدىكى سۆگەت تۈۋىدە ئولتۇرۇپ «ماقامات ھەرىرىي» ناملىق يېتۈك ئەدەبىي ئەسەرنى باشتىن - ئاخىر 24 قېتىم ئۆتكۈزگەن ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ ماقاماتنى ياد بىلىدىغاندەك ئۆگىتەتتى، شەرھىسىگە قاراشقىمۇ ئېھتىياجى چۈشمەيتتى.

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم ئىلىم خەتمە قىلغانغا قەدەر قېرىندىشى ئىبىيلاجىم (ئۇبەيدۇللاھ ھاجىم) ئېشەككە مىنىپ خوتەندىن قەشقەرگە بېرىپ، پات - پات ئۇنىڭغا نان ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرغان.

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم قەشقەردىكى ئىلىم تەھسىلىنى تۈگىتىپ ئۇستازلىرىنىڭ دۇئا ۋە ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، «داموللا» ئۇنۋانى بىلەن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى لاسكۇيغا قايتىپ كېلىپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە جامائەتلەرگە ۋەز ئېيتىش بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە يۇرت ئۆلىمالىرىنىڭ چىن ئېتىراپى ۋە قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە داۋاملاشقان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»[10] مەزگىللىرىدە ئەل - يۇرت ئارىسىدا چوڭقۇر بىلىمى، پىششىقان سۆزمەنلىكى، شېئىر - قوشاقلارغا ماھىرلىقى بىلەن تونۇلغان ئابدۇقادىر داموللاھاجىممۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئېغىر كۈنلەردىن بەزىدە سەۋرچانلىقى، بەزىدە سۆزمەنلىكى بىلەن، يەنە بەزىدە قەستەن ساراڭ بولۇۋېلىش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلىرى بىلەن ساق - سالامەت ئۆتۈپ كەتكەن.

80 - يىللاردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە بىر ئاز ياخشىلىنىش بولدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى سىياسىي بوران - چاپقۇنلاردىن ئامان قالغان ياكى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن بىر قىسىم ئۆلىمالار، مۇدەررىس ئۇستازلار، ۋەزخان ۋە دەۋەتچىلەر قايتىدىن دىنىي خىزمەتلەرنى جانلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئېغىل قىلىنغان ياكى يىقىتىۋېتىلگەن مەسچىتلەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش دولقۇنى قوزغالدى. كىشىلەر دىنىي پائالىيەتلەردە نىسبەتەن ئەركىنلىككە ئېرىشتى. 30 يىللىق قارا كۈنلەر ئاخىرلىشىپ، گويا جۇتتىن كېيىنكى باھاردەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم قەشقەردە ئوقۇش مەزگىللىرىدە ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، خېلىلا دەرد تارتقان، ئەتراپتىكى تېۋىپلارنىڭ دورىلىرى ئۇنىڭ كېسىلىگە تازا ماس كەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پارسچە ۋە ئەرەبچە تېبابەت كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز دورىسىنى ئۆزى ياساشقا بەل باغلىغان ھەمدە قايتا - قايتا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىدىكى ئاشقازان كېسىلىنىڭ ئۈنۈملۈك رېتسېپىنى تېپىپ چىققان. يەنىمۇ ئىزدىنىش ئارقىلىق باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئۈنۈملۈك

[10] 1966 – 1976 - يىللار ئارىسىدا خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە ماۋزېدۇڭ تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى.

رىتسىپلىرىنىمۇ تىپىپ چىقىپ، مەجۇن (دورا ئۆسۈملۈكلەرنى سوقۇپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان خېمىرغا ئوخشاش يۇمشاق دورا)، شەربەت ۋە كۈملاچ دورىلارنى ھەممە تۈرلۈك مۇراببالارنى ياسىيالايدىغان بولغان، ساۋاقداشلىرى ۋە ئەتراپتىكى تونۇش - بىلىشلىرى ئۇچۇنمۇ دورا ياساپ بېرىپ، بارا - بارا تېبابەت جەھەتتىمۇ تونۇلۇشقا باشلىغان.

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم شۇ چاغلاردا ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىۋالغان بۇ ماھارىتىنى «داشقازان»[11] چىقىلىپ، جاھان ئازادلىقشكەن بۇ كۈنلەردە ئىشقا سېلىشنى ئويلاپ، دەرھال لاسكۈي بازىرى قاراقاش يولى بويىدىكى قاتار سېلىنغان بوتكا دۇكانلار جايلاشقان يەردىن (ھازىرقى پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ يېنىدىن) دورا ئۆسۈملۈكلەر تېبابەت دۇكىنىدىن بىرنى ئېچىپ تىجارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىۋالغان. لاسكۈي بازىرى ئىچىدە ئۈچ قېتىم دۇكان ئالماشتۇرغان. گەرچە بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، مۇدەررىسلىك خىزمىتىنى قەتئىي تاشلىۋەتمەي، بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي كېسەللىرىنى داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىزچىل دەرس ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم بۇ جەرياندا پەرزەنتلىرىدىن بەرىكەتۇللاھ ھاجىم بىلەن تۆھپەتۇللاھ ھاجىمنى تېبابەت ۋارىسى قىلىپ يېتىشتۈرگەندىن كېيىن دۇكاننى شۇلارغا قالدۇرۇپ، لاسكۈي بازىرى سەيشەنبە بازار يولى دوقمۇشىغا جايلاشقان ئۆيىدە پۈتۈن ۋاقتىنى مۇدەررىسلىك قىلىشقا ئاجراتقان. ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ شان - شۆھرىتىنى ۋە ئىلمىدىكى كامالىتىنى ئاڭلىغان خوتەن شەھەر ۋە ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئاشىقلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا خۇددى ھەسەل ھەرىلىرى گۈل شىرنىسىگە ئولاشقاندەك ئولىشىۋالغان. ئاقكۆڭۈل، مېھماندوست، تالىپسۆيەر لاسكۈي خەلقى تۇشمۇتۇشتىن كەلگەن تالىپلارنى شارائىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا قارىماي، ئۆز پەرزەنتلىرىدەك كۆرۈپ، ئۆيلىرىدىن مەخسۇس ھۇجرىلارنى ئايرىپ بەرگەن.

## ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ ئائىلىسى

ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ ئىبىيلاجىم (ئۇبەيدۇللاھ ھاجىم) ھەبىبۇللاھ ئاخۇن، بۇسەلىمەخان قاتارلىق ئىككى ئوغۇل، بىر قىز قېرىندىشى بار بولۇپ، ھەممىسى ئابدۇقادىر داموللاھاجىمدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ جەمئىي 11 پەرزەنتى بولۇپ، چوڭ ئوغلى غۇلام قادىر ئاخۇن ئاتىكەخان

[11] ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك بىكار قىلىنىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك يولغا قويۇلغان، ئۆيدە تاماق ئېتىش پۈتۈنلەي چەكلىنىپ، ئۆلچەم بويىچە ئوپچە تاماق يېيىش بەلگىلەنگەن. ماۋزېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ئىش، بولمىغۇر تۈزۈملەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇنى «داشقازاننىڭ چېقىلىشى» دېيىلىدۇ. بۇ چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەركىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدە تاماق يېيەلەيدىغان بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسمىلىك ئانىدىن، ئىككىنچى ئوغلى غۇلام مۇھەممەد ئاخۇن يەنە بىر ئاتىكەخان ئىسمىلىك ئانىدىن، نۇرئىمانخان ھاجىم، بەيتۇللاھ ئاخۇن، بەرىكەتۇللاھ ھاجىم، ئاسىيەخان ھاجىم، تۆھپەتۇللاھ ھاجىم، شۆھرەتۇللاھ قاتارلىق ئالتە قېرىنداش ھاۋاخان ئىسمىلىك ئانىدىن، ئايقىز، ئىجادۇللاھ، زۇلھايا قاتارلىقلار تۇردىگۈلخان ئىسمىلىك ئاخىرقى ئايالىدىن تۇغۇلغان. دېمەك، ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ ئۆمرىدە تۆت قېتىم ئۆيلەنگەنلىكى مەلۇم.

ئۇلاردىن 2021 - يىلى تۈرمىدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن تۆھپەتۇللاھ ھاجىمدىن باشقىسى ھايات بولۇپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن خوتەننىڭ شەھەر - يېزىلىرىغا تارقالغان. ھازىر ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 50 كە يەتتى. ئاسىيەخان ھاجىم ئىسمىلىك قىزى يولدىشى ئابدۇللاھ ھاجىم ۋە 6 قىز پەرزەنتى بىلەن ھازىر ئىستانبۇل شەھىرىدە ياشاۋاتىدۇ.

**ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي سۈپەتلىرى**

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم ئورۇق، ئەمما قاۋۇل، ئېگىز بويلۇق، كۆزى چوڭقۇر ھەم ئۆتكۈر، قاڭشارلىق، يۈزى ئۇزۇنچاق، بۇغداي ئۆڭ، ساغلام كىشى ئىدى. 85 ياشلارغا كىرگەندىمۇ پەلەمپەي ئارقىلىق يەتتىنچى قەۋەتكە بىمالال چىقىپ - چۈشەلەيتتى. گەپ - سۆزى ئوچۇق ھەم قەتئىي بولۇپ، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. ئابدۇقادىر داموللاھاجىم مەردانە، دادىل ئالىم ئىدى. ھەق بىلگەن سۆزىدە چىڭ تۇراتتى، ھېچكىمگە، ھەتتا ھوقۇقى چوڭ ئەمەلدارلارغىمۇ خۇشامەت قىلمايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىشتىن، قالايمىقان گەپ قىلىشتىن ئەيمىنەتتى. تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، ھەشەمەتچىلىكتىن خالىي ئىدى. تۈرلۈك ئىسراپچىلىقتا، بولۇپمۇ داستىخان ئىسراپچىلىقىغا بەكمۇ قارشى ئىدى. مۇڭداشقىلى ئامراق، چىقىشقاق، چايخۇمار، ھەمراھخۇمار ئىدى. يالغۇز قېلىشنى خالىمايتتى.

**ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ سەپەرلىرى**

قەشقەر سەپىرى: ئابدۇقادىر داموللاھاجىم تەخمىنەن 30 ياشلارغا كىرگەندە، يەنى 1944 - يىلى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بەزىدە ئېشەك بىلەن، بەزىدە پىيادە خوتەندىن قەشقەرگە بىرقانچە قېتىم سەپەر قىلغان. تاكى ئىلىم خەتمە قىلغانغا قەدەر قەشقەر خوتەن ئارىسىدا كۆپ قېتىم سەپەر قىلغانلىقى تەخمىن قىلىنسىمۇ، ئېنىق سانى مەلۇم ئەمەس.

پاكىستان سەپىرى: ئابدۇقادىر داموللاھاجىم پاكىستانغا ئىككى قېتىم بارغان بولۇپ، بىرىنچى قېتىم ھەج قىلىش نىيىتىدە يولغا چىقىپ، ھەج ۋىزىسى ھەل بولماي قايتىپ كەتكەن. يەنە بىر قېتىم ئوغلى بەرىكەتۇللاھ ھاجىمنى پاكىستاندا ئوقۇش ئۈچۈن ئېلىپ چىققان.

ھەج سەپىرى: شەرقىي تۈركىستاندا 1980 - يىللاردىن كېيىن 30 يىلدىن ئارتۇق تاقىۋېتىلگەن چېگرا ئېچىلىپ،

كىشىلەر بەلگىلىك ئىغىر شەرتلەر ئاستىدا بولسىمۇ ھەجگە بارالايدىغان بولدى. ئابدۇقادىر داموللاھاجىم 1984 - يىلى تېبابەتچىلىك قىلىپ يىغقان ھالال پۇللىرى بىلەن قىزى نۇرئىمانخاننىڭ ھەمراھلىقىدا پاكىستان يولى ئارقىلىق تۈركىيەگە كېلىپ ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن، يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ، 6 ئاي تۇرۇپ ھەج قىلىپ قايتقان.

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم يەنە 1999 - يىلى ئوغلى بەرىكەتۇللاھنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەجگە بارغان. بۇ قېتىم ئۇ تالىپلىرىنىڭ دەرسسىز قالماسلىقى ئۈچۈن مەككە ۋە مەدىنىدە تەخمىنەن ئىككى ئاي تۇرۇپ ھەجدىن كېيىنلا قايتىپ كەلگەن.

## ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئاشنالىقى

ئابدۇقادىر دامولاھاجىم ئىلىم يولىدا نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چەككەن بولۇپ، بۇ قىسقىغىنا ماقالىدە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ھەممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولالمايمىز. ئۇ تالىپلىرىغا خوتەن - قەشقەر ئارىسىدىكى ئىلىم سەپىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيتتى:

«سىلەر «ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك» راھەتتە ئوقۇۋاتىسىلەر. مەن ئەينى چاغدا قەشقەرگە پىيادە بېرىپ - كېلىپ ئوقۇغان. ئۇ چاغلاردا يوللار ئىگىز - پەس، بەك ناچار ئىدى. خورجۇنىنىڭ ئىككى پېيىغا ئانام يېقىپ بەرگەن بۇغداي نېنى بىلەن زاغرا ناننى قاچىلاپ ئۈستۈن مۆرەمگە، سۇ قاچىلانغان قاپاقنى سول مۆرەمگە ئارتىپ ماڭاتتىم. ئۇ چاغلاردا بۇغداي نېنى ئەتىۋار بولغاچقا، ئەلۋەتتە ئازراق ئىدى. قەشقەرگە بېرىپ بولغۇچە ئېلىپ ماڭغان نانلارمۇ تۈگەپ قالاتتى. ھازىرقىدەك ئاياغلارنى چۈشۈمدىمۇ كۆرەلمەيتتىم. پۇتۇمغا يۇڭ پايپاقنى كىيىۋالاتتىم. يول ئۇزۇن ھەم ئىگىز - پەس بولغاچقا، پايپاقلار ئۇپراپ، يىرتىلىپ كېتەتتى. پۇتلىرىمغا لاتا ئوراپ يولۇمنى داۋاملاشتۇراتتىم. ئۇزۇنغا قالماي ئورىغان لاتىمۇ يىرتىلىپ پۇتۇمدىن چۈشۈپ قالاتتى. پۇتلىرىم قاپىرىپ، ئىششىپ، ھەتتا قاناپ كەتكەن چاغلارمۇ بولغان. مىڭبىر جاپادا قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ۋەخپىلەردىن مۇدەررىس ۋە تالىپلارغا ياش ئۆلچىمى ۋە ئوقۇش دەرىجىسىگە قاراپ بېرىلىدىغان نورمىلىق ئاشلىقتىن تاماق ئېتىپ يەيتتۇق. ئۇ چاغلاردىكى شارائىت بەكمۇ ناچار ئىدى. ھازىرقىدەك ئىسسىق، ئوخشىغان تاماقلار نەدە تۇرۇپتۇ؟ ھەتتا ئوتۇنمۇ قىس بولغاچقا، قىش كۈنلىرى تاھارەت سۈيىنى ئاخشىمى يوتقانغا تىقىپ قوياتتۇق، سەھەردە شۇ سۇ بىلەن غۇسلى قىلاتتۇق ياكى تاھارەت ئالاتتۇق. سىلەر ھەقىقەتەن راھەتتە ئوقۇۋاتىسىلەر. شۇڭا ئىلىمنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار. بۇ ئىلىم ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس...».

ئابدۇقادىر دامولاھاجىم مۇدەررىسلىكتە ئىنتايىن ھېرىسمەن، ۋاقىتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، تالىپخۇمار ئۆلىما ئىدى. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ۋە تۈرلۈك زىياپەتلەرنى باھانە قىلىپ تالىپلارنى

دەرسسىز قويمايتتى. مۇدەررىسلىكنى ئەڭ مەنپەئەتلىك، ئەڭ ئۇلۇغ ھەم ساۋابى كۆپ خىزمەت دەپ بىلىپ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى، تالىپلارنى ھەممىدىن ئەزىز بىلەتتى. پات - پات «ئوقۇغان كىشى ھامان توغرا يول تاپىدۇ» دەپ قوياتتى. ئۆزى بىلەن ئوخشاش يول تۇتۇپ ماڭمىغان تالىپلىرىغىمۇ ناھايىتى مېھرىبان ئىدى. كۈنلىرىنى كىتابسىز، دەرسسىز ئۆتكۈزۈشنى خالىمايتتى.

مەلۇم بىر پېشقەدەم ئۇستاز مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇقادىر داموللاھاجىم تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كۈن پاتقانغا قەدەر كوممۇنانىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تېرىش، ئوغۇت توشۇش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىپ تۇرۇپمۇ، دەرس ئۆگىتىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك خىزمەتنى تاشلىمىغان. ئۇ چاغلاردا دىنىي ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى قاتتىق چەكلەنگەن بولۇپ، بايقىلىپلا قالسا 15–20 يىل تۈرمىدە يېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ شۇنچىۋالا خەتەرگىمۇ پىسەنت قىلماي، كېچە سائەت ئۈچتىن باشلاپ تاڭ يورۇغۇچە بىر قىسىم قەيسەر تالىپلارغا دەرس ئۆگىتىپ، ھېچكىم تۇيماستىن يولغا سېلىپ بولاتتى. جۈملىدىن، مەنمۇ كېچە سائەت 3:00 تە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يەتتە كىلومېتىر يولنى بېسىپ شۇنداق ئوقۇغانىدىم.

سىياسىي ۋەزىيەت ناھايىتى يامانلىشىپ كەتكەن 2009 - يىللارغا قەدەر ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان تالىپلار داموللامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دەرس ئېلىپ قايتاتتى. بەزى گۇرۇپپىدىكى تالىپلارغا ئالدىن كېلىشىپ قويغان ئۆيلىرىگە بېرىپ دەرس ئۆتەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، داموللاھاجىم 90 ياشقا كىرىپ قالغان بولۇشىغا قارىماي، ھەر يەكشەنبە كۈنى قاراقاشنىڭ يېزا، شەھەرلىرىدىن يىغىلغان تالىپلارغا دەرس بېرىش ئۈچۈن بىرقانچە يىل ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قاراقاشقا بارغانىدى. خوتەن شەھىرىدىكى بىر قىسىم تالىپلارغا دەرس بېرىش ئۈچۈنمۇ بىر - ئىككى يىل شەھەرگە كىرىپ - چىققانىدى.

## ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ ئەقىدىسى ۋە فىقھىي مەزھىپى

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ تارماقلىرىدىن ماتۇرىيدىي ئەقىدىسىنى[12]، فىقھىي جەھەتتە ھەنەفىي مەزھىپىنى تۇتۇپ ماڭغان ھەمدە شۇلارنى بويلاپ دەرس ئۆگەتكەنىدى. سوپى ۋە باشقا ئېقىمدىكىلەرگە قارىتا «توغرىسىنى قوبۇل قىل، خاتاسىنى قوي!» پىرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمما ئۇلاردىن ھېچبىرىگە تەۋە ئەمەس ئىدى. باشقا فىقھىي مەزھەپلەرگە بولغان كۆزقارىشىمۇ ياخشى ئىدى، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ فىقھىدا ھەنەفىي مەزھەپنى ئاساس قىلىشنى بەكرەك تەكىتلەيتتى.

## ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ

[12] ماتۇرىيدىي ئەقىدىسى: ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىيدىيغا مەنسۇپ قىلىنىپ كەلگەن «سۈننىي ئەقىدە» تارماقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تۆتىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەمەرقەنت تەرەپلەردە نامايان بولۇشقا باشلىغان. ئەقلىي دەلىللەر بىلەن نەقلىي دەلىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ، «مۇرجىئە، مۇئتەزىلە، خەۋارىج، جەھمىيە» قاتارلىق بىدئەت پىرقىلەرگە رەددىيە بېرىپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى قوغداپ قېلىشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان.

### ئىلمىي تالانتى

ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ تىل بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، قامۇسلارغا ئاساسەن ئېھتىياجى چۈشمەيتتى. ئۆيىدىمۇ ئۇنداق كىتابلار يوق ئىدى. دامولللامنىڭ ئۆزىنى بىر «تىرىك قامۇس» دېيىشكە بولاتتى. مۇقىم ئۆگىتىدىغان مەيلى شەرئەت ئىلىملىرى ھەققىدىكى كىتابلار بولسۇن ياكى ھەماسە، مۇتەنەببىي، ماقامات دېگەندەك ئەدەبىياتقا دائىر كىتابلار بولسۇن، ھېچبىر يېڭى سۆزلۈك ئۇنىڭغا پۇتلىكاشاڭ بولالمايتتى. تالىپلىرى ئۆز ئالدىغا كۆرگەن كىتابلىرىدىن بىلەلمىگەن كەلىمە، چۈشىنەلمىگەن جۈمللەرنى ياكى شەرئىي مەسىلىلەرنى سورىسا، ھەر ۋاقىت ھازىر جاۋاب ئىدى.

### ئابدۇقادىر دامولللاھاجىمنىڭ دەرسلىك پىروگراممىسى

ئابدۇقادىر دامولللاھاجىمنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مۇقىم دەرسلىك پىروگراممىسى بار ئىدى. خالىغانچە ئۇدۇل كەلگەن كىتابلارنى دەرسلىك قىلمايتتى. بۇخارا، قەشقەر ۋە خوتەن مەدرىسەلىرىدە نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان دەرسلىك قىلىنىپ كەلگەن، نۇرغۇن كاتتا ئۆلىمالارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان دەرسلىك پىروگراممىسىنى ئاساس قىلىپ دەرس ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى مۇنداق ئىدى:

سەرف ئىلمى: شەرىف جۇرجانىينىڭ «بىدان (فارسچە)»، مۇھەممەد ئىبنى ئەبى قاسىم مۇئزىينىڭ «مۇئزىي»، مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد زەنجانىينىڭ «زەنجانىي»، ئەھمەد ئىبنى ئەلىنىڭ «مەراھۇل ئەرۋاھ»، ئىبنى ھاجىبنىڭ «شافىيە قاتارلىق» كىتابلار.

نەھۋى ئىلمى: ئابدۇلقاھىر جۇرجانىينىڭ «ئەۋامىل»، «ھەرەكات(يازغۇچىسى نامەلۇم)»، ئەبۇ ھەييان ئەندولۇسىينىڭ «ھىدايەتۇن نەھۋى»، ئىبنى ھاجىبنىڭ «كافىيە»، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەھمەد نۇرىدىن جامىنىڭ «فەۋائىد زىيائىييە (شەرھى موللا جامى)» قاتارلىق كىتابلار.

بەلاغەت ئىلمى: جالالىدىن قەزۋىنىينىڭ «تەلخىيسۇل مىفتاھ»، سەئدىددىن تەفتازانىينىڭ «مۇختەسەر مەئانىي (شەرھى تەلخىيس)» قاتارلىق كىتابلار.

نەسرىي ئەدەبىيات: ئەبۇ مۇھەممەد ھەرىيرىينىڭ «مەقامات ھەرىيرىي».

شېئىرىي ئەدەبىيات: كەئب ئىبنى زۇھەيرنىڭ «بانەت سۇئاد»، شەرەفىدىن بۇسىرىينىڭ «قەسىدە ھەمزىيە»، مۇھەممەد ئىبنى سەئىد بۇسىرىينىڭ «قەسىدە بۇردە»، ئىبنى نەھۋىينىڭ «قەسىدە مۇنفەرىجە»، ئەبۇ بەكرى ئەنبارىينىڭ «سەبئى مۇئەللەق»، ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ «مىفتاھۇل ئەدەب»، ئەبۇ تەممامنىڭ «ھەماسە»، ئەھمەد ئىبنى ھۇسەيىن مۇتەنەببىينىڭ «مۇتەنەببىي» قاتارلىق كىتابلار.

مەنتىق ئىلمى: ئەسىرۇددىن ئەبھەرىينىڭ «ئىيسا غوجى ۋە قالە ئەقۇلۇ»، نەجمىدىن قەزۋىينىي (كاتىبىي)نىڭ «شەمسىيە»، ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب يەزدىينىڭ «ھاشىيە»، مۇھىببۇللاھ ئىبنى

ئابدۇشۈكۈر بەھارىينىڭ «سۇللەم» قاتارلىق كىتابلار.

ئىلمى ئۇرۇز (قافىيە ئىلمى): مەن ئۇستازىم ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ مۇنداق شىكايەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئىلمى ئۇرۇزنى مەندە ئوقۇۋالىدىغان تالىپ چىقمىدى».

ھەدىس ئىلمى: مۇھەممەد خەتىب تىبرىزىينىڭ «مىشكاتۇل مەسابىھ»، مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقىينىڭ «ئەللۇئلۇئۇ ۋەلمەرجان»، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمايىل بۇخارىينىڭ «سەھىھ بۇخارىي» قاتارلىق كىتابلار.

تەپسىر ئىلمى: جالالۇددىن سۇيۇتىينىڭ «تەپسىر جەلالەين»، ئەلائۇددىن باغدادىينىڭ «تەپسىر خازىن»، مۇھەممەد ئەلى سابۇنىينىڭ «سەفۋەتۇت تەپاسىر»، قازى ناسىرۇددىن بەيزاۋىينىڭ «تەپسىر بەيزاۋىي»، ئەبۇلقاسىم زەمەخشەرىينىڭ «تەپسىر كەششاف» قاتارلىق كىتابلار.

فىقھ ئىلمى: ئەبۇ ھۇسەين قۇدۇرىينىڭ «مۇختەسەر قۇدۇرىي»، مۇھەممەد ئاشىق ئىلاھىينىڭ «تەسھىل زەرۇرىي»، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ «مۇختەسەر ۋىقايە»، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مەھبۇبىينىڭ «شەرھى ۋىقايە»، ئەلى ئىبنى ئەبى بەكرى مەرغىنانىينىڭ «ھىدايە» قاتارلىق كىتابلار.

ئۇسۇل فىقھ: نىزامىددىن شاشىينىڭ «ئۇسۇل شاشىي»، شەيخ ئەھمەد موللا جەيۇننىڭ «نۇرۇل ئەنۋار»، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مەھبۇبىينىڭ «تەۋزىھ» ۋە سەئدۇددىن تەفتازانىينىڭ «تەۋزىھ»كە يازغان شەرھىسى «شەرھى تەلۋىيھ» قاتارلىق كىتابلار.

ئەقىدە ئىلمى: ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ «فىقھى ئەكبەر»، ئەبۇ جەئفەر تەھاۋىينىڭ «ئەقىدە تەھاۋىيە»، ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد نەسەفىينىڭ «ئەقائىد نەسەفىي» قاتارلىق كىتابلار.

پارسچە كىتابلاردىن: نىزامى گەنجىۋىينىڭ «پەنجى گەنجى»، يۇسۇف گىدانىڭ «تۆھپەتۇن نەسائىھ»، جالالۇددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋى»، شەيخ سەئدى شىيرازىينىڭ «بوستان» ۋە «گۇلىستان»، ھۇسەينخان تەجەللىينىڭ «بەرقۇ تەجەللىي»، «تەپسىر ھۇسەينىي»، ئابدۇقادىر بىدىلنىڭ «بىدىل» قاتارلىق كىتابلار.

**ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ دەرس مېتودى**

ئىبارەت ئوقۇتۇپ، ئاندىن دەرس باشلاش ئۇسۇلى: ئابدۇقادىر داموللاھاجىم ھەرقانداق دەرس ئۆتكەندە، تالىپلارغا نۆۋەت بىلەن ئىبارەت ئوقۇتاتتى، بىرەر خاتالىقنىمۇ «بولىدىلا، كۆزگە كىرىشتۇۋالمايچۇ» دەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. ئالدىراش بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا دەرس مىقدارىنى ئازايىتاتتىكى، ئىبارەت ئوقۇتماي دەرس ئۆتمەيتتى. شۇڭا دەرسخانىدىكى ھېچكىم ئۆزىنى ئىبارەت ئوقۇشتىن قاچۇرالمايتتى - دە، دەرسلەرگە ياخشى تەييارلىق قىلىپ كېلەتتى. كۆپرەك خاتا ئوقۇپ قويسا، ئاچچىقلىنىپ قالاتتى، بەزىدە ئاتايىن يېنىغا

بىرىپ قۇلىقىنى چىمدىپ، سوزۇپ قوياتتى، يەنە بەزىدە خاپا بولۇپ دەرسخانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتەتتى ياكى «ئىبارەت كۆرمەپسىلەر، دەرسىڭلارنى تەكرارلىماپسىلەر، قايتىپ كېتىڭلار!» دەپ شۇنچە كۆپ تالىپنى دەرستىن مەھرۇم قوياتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش دەسلەپتە ئېغىر تۇيۇلغان بىلەن تالىپلار كېيىن پايدىسىنى كۆرەتتى. چۈنكى بۇ ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ ئاقىلانە تەدبىرى ئىدى. نەتىجىدە تالىپلار دەرسكە ئەستايىدىللىق بىلەن ئالدىن تەييارلىق قىلاتتى. بارا - بارا ئىلمىي سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. مەن «نامى ئۇلۇغ، سۈپۈرىسى قۇرۇق» تالىپلاردىن ھەتتا «تەپسىر بەيزاۋىي» ئوقۇغانلارنىڭمۇ «سەرف، نەھۋى»لەرنى قايتىدىن ئوقۇغانلىقىغا شاھىت بولغانىدىم.

ھەرپىي تەرجىمە ئۇسۇلى: ئابدۇقادىر داموللاھاجىم دەرسنى بىر باشتىن، كەلىمىمۇ كەلىمە، ھەرپمۇ ھەرپ تەرجىمە قىلاتتى. زەمىر (كىشىلىك ئالماش) لەرنى دەل جايىغا مىخلايتتى، مۇرەككەپ جۈملىلەرنى تەرجىمە ئاخىرىدا خۇلاسىلەپ بېرەتتى. كەلىمىگە مەنە بەرگەندە گۇمانىي گەپ قىلماي، مۇقىم، مۇناسىپ تەرجىمە بېرىپ، قاداپ ماڭاتتى. مۇناسىۋەتسىز بىرنەچچە خىل مەنىلەرنى شەرھلەپ، تالىپلارنىڭ زېھنىنى چاچمايتتى. بىر قىسىم مۇدەررىسلەردەك يۇمىلاقلاپ، بوداپ، پومىلاپ، پەردازلاپ، قامالاشتۇرۇپ ياكى پەرەز قىلىپ ياكى يېڭى تەرجىمە ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ دەرس ئۆگىتىشنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنداق قىلىش تالىپنى ئالدىغانلىق، ئۆمرىنى ئىسراپ قىلغانلىق ئىدى. ئۇ پات - پات: «ئۇنداق ئۇسۇلدا ئوقۇغان تالىپ ئون - يىگىرمە يىل ئوقۇسىمۇ كىتابنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ، مۇستەقىل كىتاب كۆرۈپ چۈشىنەلمەيدۇ، مەلۇماتلىق بولالىسىمۇ، موللا بولالمايدۇ، مۇدەررىسلىك قىلالمايدۇ» دەيتتى.

تېپىشماق ئۇسۇلى: ئابدۇقادىر داموللاھاجىم بەزىدە تالىپلىرىغا شەرىئەت ياكى سەرف، نەھۋى ۋە بالاغەتكە ئالاقىدار مۇجمەل، مۇئەممالارنى، مۇشكۇل سوئاللارنى تاشلاپ قىزغىن مۇزاكىرىگە سالاتتى، توغرا جاۋابنى تاپالىغانلارنى ماختاپ قوياتتى، ھېچكىم تاپالمىسا، ئاخىرىدا ئۆزى ئېيتىپ بېرەتتى. بەزى مۇھىم سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يالۋۇرتۇپ ئېيتىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن تالىپلار بۇنداق تەستە قولغا كەلگەن تاتلىق جاۋابنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى.

مۇنازىرىلىشىش ئۇسۇلى: ئابدۇقادىر داموللاھاجىم بەزىدە تالىپلارغا سوئال تاشلاپ، ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىپ قوياتتى، مۇنازىرە ئەخلاقىنى ئۆگىتەتتى. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا يېقىنلىق بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى مۆلچەرلەپ، مۇناسىپ دەرسلەرگە قوشۇپ قوياتتى.

يادلىتىش ئۇسۇلى: ئابدۇقادىر داموللاھاجىم بەزى زېرەك، ئەقىللىق

تالىپلىرىغا «بانەت سۇئاد، قەسىدە ھەمزىيە، قەسىدە مۇنفەرىج، سەبئى مۇئەللەق، مىفتاھۇل ئەدەب، ھەماسە، مۇتەنەببىي، ماقامات» قاتارلىق شېئىرىي ۋە نەسرىي ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تالىپلارنىڭ سۆز بايلىقىنى موللاشتۇرۇش، تەرجىمە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، مۇستەقىل كىتاب كۆرۈش ئىقتىدارىغا تۈرتكە بولۇش دېگەندەك ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى تەكىتلەيتتى ۋە يادلاشنى تەۋسىيە قىلاتتى. بەزىدە ئۆزىمۇ بۇلاردىن بىر قىسمىنى يادقا ئوقۇپ كېتەتتى.

مۇشكۇلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى: ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ بەزى مۇدەررىس تالىپلىرى ئۆگەتمەكچى بولغان ياكى ياقتۇرۇپ كۆرۈپ چىقماقچى بولغان، ئەمما مۇشكۇلرەك كىتابلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، داموللاھاجىمنىڭ ئالدىدا تېز سۈرئەتتە بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقاتتى، مۇشكۇلاتلىرىنى سوراپ ھەل قىلاتتى.

**ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ ئىسلام دىنىغا قوشقان تۆھپىسى**

ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ تىلى راۋان، ئەدەبىي تالانتى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەتتىن تالىپ - شاگىرت، ئالىم - ئۆلىما، ئاۋام - خاس ھەممەيلەن پايدىلىناتتى. لاسكۇي، شورباغ، خانئېرىق، لاڭرۇ، باغچى قاتارلىق يېزىلاردا ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئىلىم ئالمىغان تالىپ يوق دېيەرلىك ئىدى. كىشىلەر نىكاھ - تالاق ياكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە پەتىۋا سوراپ كېلىپ تۇراتتى. تالىپلارمۇ، ھەرقايسى يۇرت - مەھەللىنىڭ ئىمام - خەتىبلىرىمۇ ھەل قىلالمىغان ياكى تېگىگە يېتەلمىگەن مەسىلىلەرنى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەل قىلىپ كېتەتتى. كۆپ بويى دەرس ئۆتۈش ۋە پەتىۋا بېرىش ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىنى پىششىق بىلىدىغان خوتەندىكى بەزى كىشىلەر ئېلگىرى - كېيىن بولۇپ ئابدۇقادىر داموللاھاجىمغا تالىپ بولغانلارنىڭ سانى مىڭدىن ئاشىدۇ، دەپ مۆلچەرلەيتتى.

داموللاھاجىم قەشقەردىكى مەزگىللەردە قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن خوتەنگە قايتقۇچە بولغان ئارىلىقتا شۇ يەردە بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغان.

ئۇ 1980 - يىللاردىن كېيىن خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان گۇلباغدىكى مەدرىسەدە (ھازىرقى بىرلەشمە خەۋەرلىشىش تېلېگىراف ئىدارىسىنىڭ ئورنى) مۇدەررىسلىك قىلغانىدى. 1985 - يىلى ئەتراپىدا خانئېرىق يېزىسىدا ئىككى يىل تۇرۇپ، خانئېرىق بازىرى ئىچىدىكى مەلۇم بىر مەسچىتتە، يەنە 2000 - يىللاردىن كېيىن بىر مەزگىل لاسكۇي بازىرى مەسچىتىدە خەتىب بولۇپ كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلغان. بۇ جەرياندا ئەلۋەتتە مۇدەررىسلىك خىزمىتىنىمۇ بىرگە قىلاتتى.

**ئابدۇقادىر**

**داموللاھاجىمنىڭ تېبابەتكە قوشقان تۆھپىسى**

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم تېبابەتچىلىك قىلىش جەريانىدا بەرىكەتۇللاھ ھاجىم، تۆھپەتۇللاھ ھاجىم، شۆھرەتۇللاھ قاتارلىق ئۈچ ئوغلىنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلاردىن شۆھرەتۇللاھ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ نۇرغۇن بىمارلارنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. تۆھپەتۇللاھ ھاجىم بولسا تاكى 2016 - يىلى تۇرمىگە تاشلانغانغا قەدەر خوتەن خەلقىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

**ئۆلىمالارنىڭ مەدھىيەسى**

ھازىر ئىستانبۇلدا مۇدەررىسلىك قىلىش، مۇسۇلمانلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىش، پەتىۋا بېرىش قاتارلىق تۈرلۈك دىنىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئالىمى ئۇستاز ئاتاۋۇللاھ خەلپەت ھاجىم ئابدۇقادىر داموللاھاجىم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ ھاياتى ئاخىرقى نەپەسلىرىگىچە مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىنى يېتىشتۈردى. ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. شۇنچىۋالا بېسىملارغا سەۋر قىلدى. ئۇ ئەل - جامائەتكە ھەقنى يەتكۈزۈشتە مۇستەھكەم تۇراتتى، ۋاقىتقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، تالىپلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭمۇ ۋاقتىنى قەدىرلەيتتى. يېڭىدىن يېتىشكەن ئىلىم ئەھلىلىرىگىمۇ قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ماڭىمۇ بەك مۇھەببىتى بار ئىدى. تالىپلاردىن ئۇچرىغان يەردە قېيىنچىلىقى بار - يوقلۇقىنى سوراپ، ئىلىمگە رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىسى - ئۈلپەتلىك، خۇشخۇي، ئىلىمخۇمار، كاتتا مۇدەررىس ھەم ئۆلىما ئىدى.

**ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ ۋاپاتى**

ئابدۇقادىر داموللاھاجىم 2010 - يىلى كۈز پەسلى 11 - ئاينىڭ يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى ئۆيىگە يېقىن يولدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكەن سەۋەب بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بىراق شۇنداق كۈنلەردىمۇ ئاز بولسىمۇ دەرس ئۆگىتىشتىن توختاپ قالمىدى.

2011 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنتايىن قايغۇلۇق، مۇسىبەتلىك بىر كۈن بولدى. بۈيۈك ئالىم ئابدۇقادىر داموللاھاجىم 96 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. لاسكۈي - قاراقاش يولى بويىدىكى لاسكۈي بازىرىغا يېقىن مەركىزىي مەسچىتتە ئوقۇلغان مېيىت نامىزىغا خوتەن ۋە قاراقاشنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئالىملار ۋە مۇدەررىسلەردىن باشقا يەنە ئون مىڭلىغان جامائەت قاتناشتى. نامازدىن كېيىن مەسچىتنىڭ يېنىدىكى «باش لاسكۈي كەنتى»گە تەۋە قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىندى.


ھاياتىنى ئىلىم - مەرىپەتكە بېغىشلىغان، مىڭلىغان تالىپلارنىڭ ئېغىزىغا ئىلىم سالغان، «خانلىق

مەدرىسەسى»نىڭ بىردىنبىر تەۋەررۇكى بولغان پېشقەدەم ئالىمنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممەيلەن ھەسرەتلىك قايغۇغا چۆمدى.

## ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ ئەسەرلىرى

ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىزچىل مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەن ئۆتكەن بولغاچقا، ئوقۇغان - كۆرگەنلىرى ئانچە ئۇنتۇپ كەتمىگەن. نورمال ئادەملەر 70 ياكى 80 ياشلارغا كىرسە ئەقلى - ھوشىنى يوقىتىپ كىچىك بالىدەك بولۇپ قالىدۇ. ئىلىمنىڭ بەرىكىتى بولسا كېرەك، ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ 90 ياشلىرىدىمۇ ئەقلى نورمال، زېرەك بولۇپ، ھەتتا ئاخىرقى نەپەسلىرىگە قەدەر نورمال دەرس ئۆگىتىشنى توختاتمىغان. مەرھۇم 92 ياشقا كىرگەندە ھېچبىر مەنبەگە تايانماستىن، قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئەدەبىيات ئۈنچىلىرىنى قەغەز يۈزىگە تۆكۈشنى ئويلىغان.

ئۇزاق ئۆتمەي مەرھۇمنىڭ ئىككى ئەسىرى پۈتۈپ، بىر قىسمى ئۆلىمالار ۋە تالىپلار ئارىسىدا يوشۇرۇنچە تارقالغان. ئەسەرلەرنى كۆرگەن ھەممە كىشىنىڭ ئەقلى لال بولاتتى. ئۇنىڭ بىرى بالاغەت ئىلمىنىڭ بىر تۈرى بولغان «بەدىئ ئىلمى»گە تەۋە جىناس قانۇنىيىتى بويىچە يېزىلغان «لۇغاتۇل جىناس لىنەپئى خاسسەتىل ئۇناس» ناملىق كىتابى، يەنە بىرى «ئەلقەسىيدەتۇت




تەرتىيبىييە» ناملىق ئەرەب تىلىدىكى 26 ھەرپنىڭ ھەممىسى قاپىيەداش قىلىپ يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى ئىدى. بۇ ئەسەر ھازىرغىچە قولىمىزغا چۈشمىدى.

جىناس: لۇغەتتە «بىر تۈردىن بولۇش، شەكلى ئوخشاش بولۇش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بالاغەت ئىستىلاھىدا ئىككى كەلىمىنىڭ مەنىلىرى پەرقلىق، ئەمما تەلەپپۇزى ئوخشاش بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

جىناس ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى «كامىل جىناس» يەنە بىرى «ناقىس جىناس»تۇر. كامىل جىناس: مەنىسى ئوخشىمايدىغان ئىككى كەلىمىنىڭ ھەرپلىرىنىڭ سانى، شەكلى، تۈرى ۋە رەت - تەرتىپىدىكى ئوخشاشلىقنى كۆرسىتىدۇ. داڭلىق شائىر ئەبى نەۋۋاسنىڭ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوغلى پەزل ۋە

رەببىئ قاتارلىقلارنى مەدھىيەلەپ ئوقۇغان تۆۋەندىكى شېئىرى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ:

عَبَّاسُ عَبَّاسٌ إِذَا احْتَدَمَ الوغَى والْفَضْلُ فَضْلٌ، والرَّبِيعُ رَبِيعُ

نەسرىي يەشمىسى: ئابباس جەڭ تازا قىزىغاندا قوشۇمىسىنى تۇرىدۇ، پەزل پەزىلەتلىكتۇر، رەببىئ بولسا باھارنىڭ ئۆزىدۇر.

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئاببىاس، پەزل ۋە رەببىئ كەلىمىلىرى ئىككى قېتىم تەكرارلانغاندەك كۆرۈنسىمۇ، مەنىلىرى پەرقلىق شەكىلدە ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن.

«ناقىس جىناس» بولسا ئوخشاش كۆرۈنگەن ياكى ئاڭلانغان ئىككى كەلىمىنىڭ ھەرپلىرىنىڭ سانى ياكى شەكلى ياكى رەت - تەرتىپىدە پەرقلىق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ: ﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاضِرَةٌ إِلَىٰ رَبِّهَا نَاظِرَةٌ﴾. تەرجىمىسى: «بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ، (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ».

يۇقىرىقى ئايەتتە «نازىرە» كەلىمىسى ھەرپلىرىنىڭ سانى، رەت تەرتىپى ۋە ھەرىكەتلىرى ئوخشاش شەكىلدە ئىككى قېتىم تەكرارلانغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئىنچىكە قارىغىنىمىزدا ئۈچىنچى ھەرپىنىڭ تەلەپپۇزدا ئۆزئارا يېقىن، ئەمما «مەخرەج (چىقىش ئورنى) نىڭ ۋە مەنىلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ «لۇغاتۇل جىناس» ناملىق ئەسىرىنىڭ پۈتۈن قۇرلىرى ئەنە شۇنداق جىناس شەكلىدە كەلگەن شېئىري ئىبارىلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، بۇ يېزىقچىلىق سەنئىتىدىكى كەم تېپىلىدىغان قابىلىيەت، يۈكسەك سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان ماھارەت ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى قولىيازمىسى يوق. پەقەت ئابدۇقادىر داموللاھاجىمنىڭ مەلۇم تالىپى تەرىپىدىن 2010 - يىللىرى كومپيۇتېرغا ئېلىنىپ، ئادەتتىكى كۆپەيتىش ماشىنىسىدا چەكلىك ساندا بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئەينى چاغدا مەزكۇر ئەسەرنى مەلۇم بىر پىداكار قېرىندىشىمىز سۈرەتكە ئېلىپ چەت ئەلگە ئېلىپ چىققان.

ئەسەر كومپيۇتېرغا ئېلىنغاندا ناھايىتى كۆپ ئىملا، كەلىمە ۋە جۈملە خاتالىقلىرى ساقلانغان. ئالىمنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ نەشرىيات يۈزىنى كۆرۈشى ئۈچۈن پېقىر ئەسەرنىڭ تۈزىتىش، مۇجمەل يەرلىرىنى ئىزاھلاش، چۈشىنىشلىك شەكىلدە ھازىرقى زامان ئىملاسى بويىچە قايتىدىن يېزىش، مەزمۇن بويىچە تۈر ۋە ماۋزۇلارغا ئايرىش، ئالىمنىڭ تارىخىنى يېزىش قاتارلىق پۈتۈن ئىشلىرىنى تاماملىدىم. ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئۇستازىمنىڭ ۋە مېنىڭ بۇ خالىسانە ئەمەلىمىنى قوبۇل قىلىپ، جەننەتتىن ئورۇن بېرىشىنى تىلەيمەن.



# ھەقىقىي دىندارلىق بىزنىڭ نىجاتلىق يولىمىزدۇر

مۇھەممەد يۇسۇپ

«دىندار» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە: «دىنغا ئەمەل قىلىدىغان، ئاللاھقا، دىنغا ئىشىنىدىغان كىشى»[1] دەپ شەرھلەنگەن. بۇ سۆزنى ئەرەبچىدە «متدين» (دىنغا ئەمەل قىلغۇچى» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، دىندار ياكى دىندارلىق ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىنغا ئەمەل قىلغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ. «مۇسۇلمان» دېگەن سۆز بويسۇنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق مۇسۇلمان دىنغا ئەمەل قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، دىندار بولۇشقا تېگىشلىك. ئۆزىنى مۇسۇلمان دېگەن ھەرقانداق ئادەم دىندار بولۇشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقى يالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَٰلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾. يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) سەن توغرا دىنغا - ئاللاھنىڭ دىنىغا يۈزلەنگىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بۇ توپتوغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»[2].

ئەگەر بىراۋ بىرەر دىنغا مەنسۇپ بولۇپ قويۇپ، ئۇ دىنغا ئەمەل قىلمىسا، ئۇنى دىندار دېگىلى بولمايدۇ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنىڭ ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئەگەر ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئىسلام دىنىغا ھەقىقىي ئىشىنىدىغان ۋە راستتىنلا ئېتىقاد قىلىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم دىندار بولۇشقا تېگىشلىك. ئەكسى تەقدىردە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقىنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا بىز دىندار بولۇشقا، بولغاندىمۇ ھەقىقىي مەنىدە دىندار بولۇشقا موھتاج. ئەگەر بىز دىندار بولۇشنى خالىمىساق، ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان ئەمەس دەپ يۈرگىنىمىز تۈزۈك. چۈنكى مۇسۇلمانلىق مەسئۇلىيەت بولۇپ، بىز مۇسۇلمان بولغان كۈنىمىزدىن باشلاپ ئىسلام دىنىمىزنى قوغداشقا، ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنسۇپ بولۇشقا ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلىشقا مەسئۇلمىز. ئاللاھ تائالا بىزنى مۇشۇ مەسئۇلىيەت ھەققىدە سوراق - سوئال قىلىدۇ.

## ھەقىقىي دىندارلىق

[1] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 532 - بەت.

[2] رۇم سۈرىسى، 30 - ئايەت.

مۇسۇلمانلىق ياكى دىندارلىق شەكلەن ئورۇنداپ قويسا بولىدىغان ئادەت ياكى ئەنئەنە ئەمەس، بەلكى ئۇ مەسئۇلىيەت، ئەخلاق ۋە پاكلىقتۇر. مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇمىغان ۋە ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلىغان ھالدا، گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ھايات كەچۈرۈشكە بۇيرۇلغان. ھەقىقىي دىندارلىق قەلبىنى ناتوغرا ئېتىقاد ۋە ئازغۇن پىكىرلەردىن، ھەسەت، ئىچى تارلىق دېگەندەك ناچار ئەخلاقتىن پاك قىلىپ، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش دېگەنلىكتۇر. مۇشۇنداق قىلغان ئادەم ئۆزىنى ھەقىقىي مۇسۇلمان دېيەلەيدۇ. شۇڭا ھەرقانداق مۇسۇلمان دىندار بولۇشقا موھتاج. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقى ئىغىزىدىكى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

**شەكلىي جەھەتتىكى دىندارلىق ئەسقاتمايدۇ**

ھەربىر مۇسۇلمان ھەقىقىي دىندار بولۇشقا بۇيرۇلغان ۋە ئۇ شۇنىڭغا موھتاج. ئەكسىچە بولغاندا ئۇنىڭ شەكلىي جەھەتتىكى دىندارلىقى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇنداق دىندارلىق يەكشەنبە كۈنلۈكتە بىر كۈن چېركاۋغا بېرىپ قويىدىغان خىرىستىيانلارنىڭ دىندارلىقىدىن پەرقلەنمەيدۇ. غەرب دۇنياسىدا ئۆزىنى خىرىستىيان دەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى خىرىستىيان دەپ ئاتىلىدۇ، ھەپتىدە بىرەر قېتىم چېركاۋغا بېرىپ قويىدىغانلىرى دىندار سانىلىدۇ. بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىقى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ دىنغا ئەمەل قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇندىمايدۇ، يەنە بەزىسى ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ، مۇسۇلمانچە يۈرىدۇ، مۇسۇلمانچە كىيىنىدۇ، ئەمما مۇئامىلىدە، ئەخلاقتا نۆل. بۇنداق كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان ياكى دىندار دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا دىندارلىقنىڭ ھېچبىر ئالامىتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما مۇسۇلمانچە يۈرىدۇ، مۇسۇلمانچە گەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناپىقلاردىن قىلچە پەرقى كۆرۈنمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا رَأَيْتَهُمْ تُعْجِبُكَ أَجْسَامُهُمْ وَإِنْ يَقُولُوا تَسْمَعْ لِقَوْلِهِمْ كَأَنَّهُمْ خُشُبٌ مُسَنَّدَةٌ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، سەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ قالىسەن، (دىلىنىڭ ئىماندىن خالىيلىقىدا) ئۇلار گويا تامغا يۆلەپ قويۇلغان قۇرۇق ياغاچلارنىڭ ئۆزىدۇر»[3].

**دىنىنىڭ نېگىزى مۇئامىلە ۋە ئەخلاقتۇر**

ئۆز ۋاقتىدا ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېپىيوپىيە) پادىشاھى نەجاشىي پاناھلىنىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا كەلگەن مۇسۇلمانلاردىن «دىنىڭلارنى ماڭا چۈشەندۈرۈڭلار» دېگەندە، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام دىنىمىزنى مۇنداق تونۇشتۇرغان: «ئى پادىشاھىم! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا - پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقتا رىئايە قىلمايدىغان، كىشىلەرنى

[3] مۇنافىقۇن سۈرىسى 4 - ئايەت.

قول قىلىدىغان، هارامنى يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق مىللەت ئىدۇق. بىزگە بىز نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، ئېپپەتلىكىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. ئۇ بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، هارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بىزنى زىنا - پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى يەۋېلىشتىن، ئېپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىزنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، روزا تۇتۇشقا ئەمر قىلىدۇ»[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ يادروسى ئەخلاق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»، «ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ كۆپى تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقتۇر»[5]، «مەن ئەخلاقى گۈزەل بولغانلارنىڭ جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك قەسىرگە كىرىشىگە كاپالەت قىلالايمەن»[6].

**تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاق جەننەتنىڭ كاپالىتىدۇر**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاققا تەشەببۇس قىلىپ يەنە: «مەن ئەخلاقى گۈزەل بولغانلارنىڭ جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك قەسىرگە كىرىشىگە كاپالەت قىلالايمەن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «قىيامەت كۈنى مۇئمىن كىشىنىڭ مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن ئېغىرراق كېلىدىغان ھېچبىر ئەمەل يوقتۇر» دېگەن.

گۈزەل ئەخلاق دېگەن قانداقتۇر كۆپىنچە كىشىلەر چۈشىنىۋالغاندەك يالغاندىن تەبەسسۇم قىلىپ قويۇش ياكى بىراۋنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇش ئەمەس، بەلكى گۈزەل ئەخلاق مۇئامىلىدە دۇرۇس بولۇش، گەپ - سۆزدە راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپادار بولۇش، دىن ۋە دۇنيالىق ھەربىر ئىشنى ئىخلاس بىلەن قىلىش ۋە سۆيگۈ - مۇھەببەتتە سەمىمىي بولۇشتۇر.

تەقۋالىق دېگەن قانداقتۇر نۇرغۇن كىشىلەر چۈشىنىۋالغاندەك كۆپ ئىبادەت قىلىش ۋە مۇسۇلمانچە كىيىنىشلا ئەمەس، بەلكى تەقۋالىق ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ياشاشتۇر. كىشىلەرنى دوزاخقا كىرىشتىن ساقلاپ، جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئاساسلىق ئەمەللەر مانا مۇشۇلاردۇر. جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە مۇشۇنداق گۈزەل ئەخلاقلارنى نېسىپ



[4] دوكتور راغىب سەرجانىنىڭ لېكسىيەسىدىن.
[5] ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
[6] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

قىلسۇن، ئامىن!

## تەقۋالىق دىندارلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر

تەقۋالىق دىندارلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدە تەقۋا بولغاندىلا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇرۇن ئۈچ قىتئەدە ھۆكۈم سۈرگەن كۈچلۈك مۇسۇلمانلار ھازىرقى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلاردەك ئېغىزىدا ئەمەس، بەلكى ئەمەلدە مۇسۇلمان ۋە ھەقىقىي دىندار ئىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى قوماندان ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغاندەك تاپشۇرۇپ ئېلىپ دەرھال ئورۇندايتتى.

تەقۋالىقنىڭ ئەڭ ئىخچام مەنىسى: ئاللاھتىن قورقۇش ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر - بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ بۇ مالنى ماختاپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر - بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىر - بىرىڭلارغا تۇزاق قۇرۇشماڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە موھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە ھېقىر كۆرمەيدۇ. تەقۋالىق مانا بۇ يەردە». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق مانا بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. گويا يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق قاتارىدىن سانىغان. ئۇ يەنە: «ئىنساننىڭ بىرەر مۆئمىن قېرىندىشىنى خار كۆرۈشى ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى بوزەك قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال - مۈلۈكىگە ۋە نومۇسىغا تېگىش ھارامدۇر»[9] دېگەن. بىراۋنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ئۇنى يۇقىرىقى گۇناھلاردىن توسالمىسا، ئۇ قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىگەن بولىدۇ. بۇنداق ئىبادەت ئۇنىڭغا يا دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە قىلچە ئەسقاتمايدۇ.

## دىندارلىقنىڭ ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى ئىبادەتتۇر

دىنىمىزدا ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى مۇئامىلىۋى ئىبادەت، يەنە بىرى سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر.

سىمۋوللۇق ئىبادەت ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرگە مەركەزلەشكەن. سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ۋاسىتىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

مۇئامىلىۋى ئىبادەت دۇرۇسلۇق ۋە ھەققانىيلىق دېگەنلىك بولۇپ، مۇئامىلە بىلەن ئەخلاققا مەركەزلەشكەن، يەنى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە مەخلۇقاتقا دۇرۇس ۋە سەمىمىي بولۇشتۇر.

سىمۋوللۇق ئىبادەت سىزدىن ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە زاكات بېرىش

قاتارلىق ئىبادەتلەرنى تەلەپ قىلسا، مۇئامىلىۋى ئىبادەت سىزدىن راست گەپ قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ھەر ئىشتا دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.



## مۇئامىلىۋى ئىبادەت دىنىنىڭ مەقسىتىدۇر

ئىسلام دىنىمىزنىڭ مەقسىتى مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەردە ئەكس ئەتكەن. ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىئوپىيە) پادىشاھى نەجاشى پاناھلىنىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا كەلگەن مۇسۇلمانلارغا: «دىنىڭلارنى ماڭا چۈشەندۈرۈڭلار» دېگەندە، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى پادىشاھ! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا - پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىققا رىئايە قىلمايدىغان، ھۆر كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارامنى يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق قەۋم ئىدۇق. ئاللاھ بىزگە نەسەبىنى،راستچىللىقىنى،ئىپپىتىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، ھارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى. بىزنى زىنا - پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملارنىڭ مال - مۈلكىنى يەۋېلىشتىن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلدى».

مۇئامىلىۋى ئىبادەت غايە، سىمۋوللۇق ئىبادەت ۋاستىدۇر. دېمەك، سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

1. نامازيامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ﴾ «ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ»[7].

2. روزا تەقۋالىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋالىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى»[8].

3. زاكات گۇناھلاردىن پاكلايدۇ. ﴿خُذۡ مِنۡ أَمۡوَٰلِهِمۡ صَدَقَةٗ تُطَهِّرُهُمۡ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى)كۆپەيتكەيسەن»[9].

4. قۇرئان ئوقۇش ئىماننى كۈچەيتىدۇ. ﴿إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتۡ قُلُوبُهُمۡ وَإِذَا تُلِيَتۡ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ﴾ «ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان،

[7] ئەنكەبۇت سۈرىسى 112 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[8] بەقەرە سۈرىسى 183 - ئايەت
[9] تەۋبە سۈرىسى 103 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تايىنىدىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر»[10].

سىمۇۋللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋى ئىبادەتلەردىكى نۇقسانلارنى تولدۇرالمايدۇ

مۇئامىلىۋى ئىبادەت مۇئامىلىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ئۇ ھېچقانداق مال - مۈلكى بولمىغان كىشىدۇر» دېيىشكەن. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ پۇل - مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ياخشى ئەمەلى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر» دېگەن.

بۇ ھەدىستە سىمۇۋللۇق ئىبادەت بىلەن مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. ھەدىستە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ناماز، زاكات ۋە روزا قاتارلىقلار سىمۇۋللۇق ئىبادەتتۇر؛ باشقىلارنى تىللاش، تۆھمەت چاپلاش، باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىنى يەۋېلىش ۋە قان تۆكۈش قاتارلىقلار مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر. بۇ ھەدىستىن يەنە، مۇئامىلىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبلىك سىمۇۋللۇق ئىبادەتنىڭ ئۆز كۈچىنى يوقاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دېمەك، مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئورۇندالمىسا سىمۇۋللۇق ئىبادەتمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ - دە، سىمۇۋللۇق ئىبادەتلەرنىڭ بۇ دۇنيادا مېۋىسىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئالالمايدۇ ھەمدە بۇ ئىبادەتلىرىدىن مەنپەئەت ئالالمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى:

1. ناماز

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى بىلىمەن. ئۇلار قىيامەت كۈنى تىھامە تاغلىرىدەك كاتتا ۋە كۆپ ياخشى ئەمەللەر بىلەن كېلىدۇ، ئەمما ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىۋېتىپ، ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىدۇ» دېدى. ساھابىلەردىن بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرگەيلا، بىز ئۇلاردەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىلىۋالايلى» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇلار سىلەرنىڭ دىنداشلىرىڭلار ۋە سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىندۇر. ئۇلارمۇ كېچىلەردە سىلەرگە ئوخشاش ناماز ئوقۇيدۇ، لېكىن يالغۇز قالغاندا ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىدۇ».

بۇ ھەدىستە ئېيتىلغان ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلار: زىنا قىلىش، ھارام يېيىش، جازانە قىلىش، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش، يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق قاتارلىق چوڭ گۇناھلاردىن

[10] ئەنفال سۈرىسى 2 - ئايەت

باشقا يەنە، قوشنىلارغا ئەزىيەت بېرىش، يولدا كىشىلەرگە يول بەرمەسلىك، پەرزەنتلىرىگە ۋە جورىسىغا قوپاللىق قىلىش قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كىچىك سانالغان گۇناھلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلاردۇر.

2. روزا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى يالغان گەپنى ۋە يالغانچىلىق بىلەن ئىش قىلىشنى تاشلىمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇپ تۇتقان روزىسىغا ئاللاھنىڭ ھاجىتى يوق». يەنى ئاللاھ ئۇنىڭ روزىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ھەدىس غەيۋەت، يالغان گەپ، ئەزىيەت قاتارلىق گۇناھلارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ ساۋابىنى يوق قىلىۋەتكەن كىشى توغرۇلۇق كەلگەن بولۇپ، يالغانچىلىقتىن ساقلىنىش مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر، روزا تۇتۇش سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر. مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ ساۋابى بىكار بولۇپ كەتكەن.

3. زاكات

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿قُلۡ أَنفِقُواْ طَوۡعًا أَوۡ كَرۡهًا لَّن يُتَقَبَّلَ مِنكُمۡ إِنَّكُمۡ كُنتُمۡ قَوۡمًا فَٰسِقِينَ﴾ «ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى: سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا قانچىلىك (پۇل - مال) سەرپ قىلىپ كېتىڭلار، ئۇ سىلەردىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋمسىلەر»[11].

4. ھەج

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ھارام پۇلنى چىقىم قىلىپ ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ‹لَبَّيْكَ اللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ› (ھازىر بولدۇم ئى ئاللاھ! ھازىر بولدۇم) دېگەندە، ئاسماندىن بىر چاقىرغۇچى ندا قىلىپ:‹ھازىر بولمىدىڭ، بەختكە ئېرىشەلمىدىڭ ۋە قىلغان ھەججىڭ قوبۇل ئەمەس› دەيدۇ». ھەج سىمۋوللۇق ئىبادەت، ھارامدىن پۇل تېپىش مۇئامىلىۋى ئىبادەت، مۇئامىلىۋى ئىبادەت ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن، سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ پايدىسى بولمىدى.

5. دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۇستى - بېشىنى چاڭ - توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ‹ئى رەببىم، ئى رەببىم!› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن - ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن!؟». ھارامدىن يىراق تۇرۇش، ھالالدىن يېيىش، ھالالدىن ئىچىش ۋە ھالالدىن كىيىنىش مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر؛ دۇئا قىلىش بولسا سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر. بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، مۇئامىلىۋى ئىبادەت بولغان ھارامدىن يىراق تۇرۇش ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن سىمۋوللۇق ئىبادەت بولغان دۇئا ئىجابەت قىلىنمىغان.

[11] تەۋبە سۈرىسى، 3 - ئايەت

# مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنى كۈچلەندۈرۈش بىزنىڭ چىقىش يولىمىز

ئالماس ھاجى

مائارىپ تەربىيەلەش ۋە تەربىيەلىنىش جەريانىدىن تەركىب تاپقان، ئىنسانىنىڭ مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرىدىغان، كىشىلىك ھاياتنى تەرەققىياتقا، گۈللىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىجتىمائىي جەريان بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنە ئەستايىدىللىقنى ۋە ئىزچىللىقنى قاتتىق تەلەپ قىلىدىغان روھى بىناكارلىقتۇر.

«مائارىپنىڭ نەتىجىسى دەرھاللا، ھەتتا بىرقانچە يىلدىمۇ كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، تەسىرى زور. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئىجابىي تەسىرى كۆرۈلگەندە بىر دۆلەتنى، بىر مىللەتنى كۈچلەندۈرۈۋەتكۇدەك قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەكسىچە مەغلۇپ بولغان مائارىپ بىر مىللەتنى ۋەيران قىلىدۇ».

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ياشاپ كەلگەن گۆھەر زېمىن - شەرقىي تۈركىستاننى مەڭگۈلۈك ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ زېمىنىنىڭ ھەقدارلىرى بولغان ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنى مىللەت گەۋدىسى بىلەن يوقىتىش ۋە تەلتۆكۈس ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. «يىغىشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇش»، «بىرىنىمۇ توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق»، «قىلچىمۇ رەھىم قىلماسلىق» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، «2017 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەرخىللار قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغان 3 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى تۇتقۇن قىلىپ»، تۈرمىلەرگە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قامىدى. دەھشەتلىك قىيىن - قىستاق، ئادەم چىدىغۇسىز نەزەربەند قىلىش، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن سۇندۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى، بىر قىسمىنى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكەپ، ئىز-دېرەكسىز يوق قىلدى، بىر قىسمىنى قىيناش ۋە ئازابتىن ئەسلىگە كېلەلمىگۈدەك دەرىجىگە يەتكۈزۈپ، قاراڭغۇ زىندانلىق تۈرمىلەرگە باقىۋەندە قىلدى. بۇ جەرياندا خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرى - يۇرت باشلىرى، دىنىي ئۆلىمالىرىمىز، جامائەت ئەربابلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچى، شائىرلار، داڭلىق سودىگەر - كارخانىچى قاتارلىق ئۇيغۇر سەرخىللىرى دەھشەتلىك زەربىگە

ئۈچراپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئاساسلىق نىشانى بولدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى سەركىسىز، باشسىز، تەربىيەسىز قالدۇرۇپ، سەرخىللىرىدىن جۇدا بولغان، مىللىي روھى تۇنجۇققان، ئومۇرتقىسى ئېزىلگەن مىللەتكە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ دەھشەتلىك زەربىسىدە خەلقىمىز نەچچە ئون يىللاپ ئەسلىگە كېلەلمىگۈدەك دەرىجىدە زىيانكەشلىككە ئۈچرىدى. بۇ زىيانكەشلىك ئالدى بىلەن مائارىپتا ۋە شۇ مائارىپتا يېتىشىپ چىققان سەرخىللىرىمىزنىڭ دەھشەتلىك زەربىگە ئۈچراپ يوقىتىلىشىدا كۆرۈلدى.

تارىختىن بېرى نۇرغۇن چەكلىمە ۋە زىيانكەشلىكلەر تۈپەيلى مىللىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويالمىغان ئىدۇق. ئەمدىلىكتە مۇستەملىكە مائارىپىدىكى ئۇيغۇر تىللىق مەكتەپلەر پۈتۈنلەي يوقىتىلىپ، مۇستەملىكە مائارىپى ئىچىدە ئاتالمىش «ئۇيغۇر مائارىپى» دەپ نام بېرىلگەن ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇشمۇ يوق قىلىندى. بىر مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ھۇل تېشى مائارىپتۇر. مائارىپقا كۆڭۈل بۆلگەن، مائارىپى تەرەققىي قىلغان مىللەت ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تاپىدۇ، ئەكسىچە مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمىگەن، ئۆز مىللىتىنىڭ مائارىپ يولىنى تاپالمىغان مىللەت - مائارىپى مەغلۇپ بولغان مىللەت ۋەيرانچىلىق، پاراكەندىچىلىك كوچىسىدىن چىقالمايدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر بىزنىڭ مائارىپىمىزنى تىزگىنلەپ، ھەر جەھەتتىن بوغۇپ، قىرقىپ كەلدى. ئارىمىزدا ساتقۇن مۇناپىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى بىلەن «قوش تىللىق» مائارىپنى يولغا قويۇپ، تىل - يېزىقىمىزنى قاتاردىن چىقىرىش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكە مائارىپىدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر مائارىپى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىللىق مەكتەپلەردە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ سەپتىن چىقىرىلدى. ھازىر ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئىلگىرىكىدەك بەزى يوچۇق ۋە ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ مىللىي روھتا تەربىيەلەش ۋە تەربىيەلىنىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادلىرىنى خىتايچە تىل بىلەن، كوممۇنىستىك روھ بىلەن خىتايلاشتۇرۇپ تەربىيەلەۋاتىدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولسا شۇ دۆلەت مەكتەپلىرىدە تەربىيەلىنىپ، خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە، رازىمەنلىك بىلەن ئۆزلۈكىدىن ياتلىشىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى تۇمانلاشتۇرىدىغان ئاچچىق رېئاللىق.

شۇڭا ھازىرقى مۇھىم ۋە جىددىي مەسىلە مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى قانداق يولغا قويۇش، ئەۋلادلىرىمىزنى قانداق قىلىپ مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزگە لاياقەتلىك قىلىپ تەربىيەلەش مەسىلىسى بولۇپ قالدى.

بۇ يازمىدا ھازىرچە پەقەت تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمىلى ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇيغۇر مائارىپىنى قانداق يولغا قويۇش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ.

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا كۆپرەك، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى تۈرك مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدۇ. شەخسلەر تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىللىق مەكتەپلەر ئېچىلغان بولسىمۇ، بۇ خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتا يەنىلا تۈرك مەكتەپلىرىدە داۋام ئېتىشتىن باشقا يول يوق. ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇشتا بىر قانچە نۇسخا ئېلىپبە كىتابى ۋە تىل - ئەدەبىيات كىتابى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىرلىككە كەلگەن ئوقۇتۇش پىروگراممىسى ۋە بىرلىككە كەلگەن دەرسلىك كىتابلىرى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مۇنتىزىملاشمىغان ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا. ئىقتىسادىي جەھەتتە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان راسخوت يېتىشمەسلىك مەكتەپ ئاچقۇچىلارنىڭ قول - پۇتىنى چۈشەپ، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە ئورۇندا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن قۇرئان ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلغان بولسىمۇ، بەزىلىرىنىڭ شارائىتى ئانچە ياخشى ئەمەس، بەزىلىرى خېلى ياخشى شارائىتقا ئىگە بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى تولۇق ئەمەس. مەكتەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقا مەكتەپلەر بىلەن بولغان باغلىنىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش مەسىلىلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. بۇلارنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەل قىلىشنىڭ مۇۋاپىق يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش - مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يولىنى تېپىش، مائارىپىنىڭ تەكشى يۈنىلىشتىكى ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر جامائىتىنىڭمۇ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە ھەم يەتكىلى بولىدۇ.

يېقىندا شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات ۋەخپى، ئۇيغۇر ئىلىم مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەخپى ۋە سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ ۋەخپىلىرى بىرلىشىپ، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي روھنى يېتىلدۈرۈپ، كۆچمەنلىك ھاياتتا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىشتەك رېئاللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن تاللاپ، ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىش، چىقىمىنى كۆتۈرۈپ مەخسۇس كۇرسلاردا تەربىيەلەش، قەرەللىك مەخسۇس تېمىلاردا دوكلات ئۇيۇشتۇرۇش، كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلەش ۋە دالا پائالىيىتىگە تەشكىللەشتەك مىللىي روھتا تەربىيەلەش مەقسەت قىلىنغان تولۇقلىما مىللىي مائارىپ تەربىيەسى «ئۈمىد تەربىيەلەش پىروگراممىسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يولىنى تېپىش، ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇپ ئەۋلادلىرىمىزغا ئىگە چىقىش يولىدا ئېلىنغان بۇسۇش خاراكتېرلىك قەدەم بولدى. چۈنكى بىزنىڭ «چەت ئەلدىكى سانى ئاز بولغان باللىرىمىزنى

ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇھىم ئىقتىدارلارغا ئىگە قىلىش ئارقىلىق، سانىمىزنىڭ ئازلىقىنى سۈپىتىمىزنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن تولۇقلاشتىن باشقا يولىمىز يوق» ئىدى (ئابدۇرەھىم دۆلەت). شۇڭا ۋاقىتنى ئۇتتۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئىزدىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىشىمىز لازىم ئىدى. بۇ ناھايىتى جايىدا ۋە ئەھمىيەتلىك بولغان قوزغىلىش بولدى.

چۈشىنىشىمچە، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن ئائىلە تەربىيەسى بىلەن مەكتەپ تەربىيەسىنى بىرلەشتۈرۈش، تۈرك مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا تۈرك مائارىپىغا يانداشقان ھالدا ئۇيغۇرچە سىنىپ ياكى مەخسۇس كۇرسلارنى تەشكىللەپ مىللىي ئاڭ ۋە ئۆزلۈك تەربىيەسىنى يولغا قويۇش، قولايلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، تۈرك مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇرچە سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىپ، سىستېمىلاشقان ئۇيغۇر ئەدەبىيات



دەرسلىكى ھەم ئۇيغۇر تارىخى دەرسلىكىنى ئوقۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش «ئۈمىد تەربىيەلەش پىروگراممىسى»نىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ئىدى. بۇنداق قىلغاندا ھەر قايسى دۆلەتلەردە باشقا تىللاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي شارائىت تەسىرىدە ئاستا ئاستا ئۆزلۈكىدىن ياتلىشىش ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرامەكتەپكىچە بولغان ئاساسىي مائارىپتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەربىيەلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىش ئوقۇغۇچىلاردا مىللىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش ۋە ئاساسىي بىلىم دەرسلىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەت ۋە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلەيدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

«ئۈمىد تەربىيەلەش پىروگراممىسى»دا مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ ئاز بولۇشىدەك يېتىشمەسلىكنى سۈپەت يۇقىرىلىقى يارىتىش ئارقىلىق تولۇقلاش، مىليون ئادەم قىلىدىغان ئىشنى بىر ئادەم قىلالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ رېكورت يارىتىش شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مەقسەت ۋە نىشانى بىرقەدەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە ۋە ھەتتا دوكتور، پىروفېسسور بولۇپ يېتىشىپ چىققۇچە بولغان جەرياندا ئوقۇغۇچىلارغا باشتىن - ئاخىر ئىگە بولۇش، يەنى ئۇلارغا بولغان ئىقتىسادىي ياردەمنى ۋە تەلىم - تەربىيەنى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىدا كەسپىي خادىملار

بىلەن مالىيە مەسىلىسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭچە تۆۋەندىكىدەك مۇئەسسەسەلەر تەسىس قىلىنىشى ۋە مائارىپنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەر قىلىنىشى زۆرۈر دەپ قارايمەن:

1. مائارىپ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان «ئۇيغۇر مائارىپ كومىتېتى (ۋەخپىسى)» تەسىس قىلىنىشى لازىم. بۇنىڭ ھەيئەتلىرى كەسپىي خادىم بولۇشى، ھەرقايسى تەشكىلاتلار ئېتىراپ قىلىدىغان ۋەكىل خاراكتېرلىك خادىملاردىن تەشكىل تاپقان بولۇشى لازىم.

2. مائارىپنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى» تەسىس قىلىنىپ، مائارىپنىڭ پۈتۈن راسخوت، چىقىملىرىنى ھەل قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈلۈش كېرەك.

3. مۇھاجىرەتتىكى ھەربىر ئۇيغۇر ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن ئۇيغۇر مائارىپ فوندىغا ھەر ئايدا مۇۋاپىق مىقداردا بەدەل پۇلى تۆلەشنى يولغا قويۇپ، بۇنى ئۇيغۇرلۇق سالاھىيەت بىلەن ھەرقانداق ئىش بېجىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىش لازىم.

مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى مەركەزلەشتۈرۈشكە، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى مۇقىملاشتۇرۇشقا، سىستېمىلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بۇ خىزمەتنىڭ پىلانچانلىقىغا، ئىزچىللىقىغا، ئۇزۇن مۇددەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا «ئۇيغۇر مائارىپ كومىتېتى»نى قۇرۇش، «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى روياپقا چىقىرىش ھازىرقى ئەھۋالدا شەرتسىز زۆرۈرىيەتتۇر!

«ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى روياپقا چىقىرىشتا بەدەل پۇلى يىغىش، خەيرى ئېھسان قوبۇل قىلىش، مۇناسىۋەتلىك يەرلىك ئورگانلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانساق بولىدۇ. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئەللىك مىڭ دەپ مۆلچەرلىگەندە، ھەر ئايدا كىشى بېشىدىن 20 لىرادىن بەدەل پۇلى يىغىلسا، بىر ئايدا بىر مىليون لىرا پۇل يىغىلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ساخاۋەتچىلەردىن كېلىدىغان پۇلنى ئاز دېگەندە بىر مىليون لىرا دەپ ھېسابلىساق، ئايدا ئىككى مىليون لىرا بولىدۇ، بۇ پۇل تۆۋەنرەك خىراجەت بىلەن خام چوت قىلغاندا مۇئەسسەسەلەرنىڭ راسخوتلىرىغا، 90 ئوقۇتقۇچى ۋە كەسپىي خادىمنىڭ مائاشىغا، 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە يېتىپ قالىدۇ. ئىش شۇنداق باشلانسا، كېيىنچە بۇ ئېقىن چوڭىيىدۇ، ئەلۋەتتە، ئاللاھ خالىسا. بىزدىكى مۇمكىنچىلىك ۋە ئىمكانىيەتلەرنى مېنىڭچە مۇشۇنداقراق مۆلچەرلىگىنىمىز ياخشىراق. ئەلۋەتتە، بۇ سانىنى قولغا كەلتۈرۈش ئانچە ئاسان ئەمەس، لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. سەۋەبىنى قىلساق، تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

بىز دەۋاتقان مىللىي روھ ئانا يۇرتنى - ۋەتەننى سۆيۈش، مىللىتىنىڭ ئەركىنلىكىنى، ئار-نومۇسىنى، غۇرۇرىنى، مىللىي قەدەرىيەتلىرىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.

بىز دەۋاتقان مىللىي روھ مىللىي مەنپەئەتنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بىر نىيەت، بىر دىل بىلەن ئىتتىپاق بولۇش، كەڭ بىرلىكسەپ تۈزۈپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ۋەتەننى ئازاد قىلىش دېمەكتۇر.

مۇھاجىرەتتىكى تەلىم - تەربىيەگە ۋە تەشۋىقاتقا بۇنداق مىللىي روھنى سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر، مۇھاجىرەتتە ئائىلە تەربىيەسى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ماسلاشتۇرۇپ يولغا قويۇش ۋە بۇنى مۇنتىزىملاشتۇرۇپ، ئالدىنقى قاتاردىكى خىزمەت يۈكسەكلىكىدە تونۇش - مىللىي روھنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسى. تەلىم - تەربىيەدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە مۇنتىزىملاشقان، سۈپەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشتۇر. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مائارىپىنى تارقاق ھالدا ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئېچىپ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پىداكار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشى، ياكى بۇمۇ بىر يول تېپىشنىڭ يولى دەپ قاراپ، ياردەمسىز، يۆلەكسىز تاشلاپ قويۇش توغرا ئەمەس. ئۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇنتىزىملاشتۇرۇش، كۈچلۈك ۋە يېتەرلىك ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە قىلىش لازىم. كېرەك بولسا خەير - ساخاۋەت ئورۇنلىرىنىڭ مەبلەغ ياردىمىنى ئۇيغۇر مائارىپ فوندىغا يۈزلەندۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئەۋلادلىرىمىزدا ئۇيغۇر روھىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتمىساق، ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش يولىغا قاراپ ماڭغان بولىمىز، مۇستەقىللىق دەۋايىمىز ئىگىسىز قالىدۇ.

شۇڭلاشقا مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يولىنى تېپىش ۋە ئۇنى توغرا يولغا قويۇش، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇش بىر چوقۇم مېڭىشقا تېگىشلىك يول. بىز پەقەت ۋە پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىقلا ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش، ھەر ساھە بويىچە تەربىيەلىنىپ يېتىشىپ چىقىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. بىز پەقەت مائارىپ ئارقىلىقلا كۈچلۈك بولالايمىز. بىزگە كېرەكلىك ئالىي مەلۇماتلىق ئوقۇتقۇچىلار، سىياسىي ئەربابلار، تەشكىلاتچىلار، ھەربىي قوماندانلار، ھەرساھە مۇتەخەسسىسلىرى، ئىلىم - پەن خادىملىرى ھەممىسى پەقەت مائارىپ ساھەسىدە تەربىيەلىنىپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەكتەپلەردە ئوقۇش جەريانىدا مىللىي روھقا تويۇنۇپ بىلىم ئالسا، ئۇيغۇرنىڭ سەرخىللىرى، ئۇقۇمۇشلۇقلىرى، يېتەكچىلىرى، ئاۋانگارتلىرى بولىدۇ. مىللىي روھقا تويۇنمىسا ئۇيغۇر روھى يېتىلمىگەن، ئۇيغۇرغا ئەسقاتمايدىغان، نامىدا ئۇيغۇر زىيالىي بولىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە مۇھاجىرەتتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا قانداق قىلىپ مىللىي روھنى سىڭدۈرۈپ تەربىيەلەش مەسىلىسىدۇر. شۇڭلاشقا بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە، داۋاملىق ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇشتا

مۇنتىزىملاشقان كەسپىي خادىملار ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى بۇ خىزمەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشتا ئىقتىساد مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كەسپىي خادىملار ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىلىدىغان خىزمەت ھەققى باشقا ئورۇنلاردا بېرىلىدىغان خىزمەت ھەققى بىلەن تەڭ بولۇشى ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا بۇ قوشۇننىڭ تەركىبى تولۇق، سۈپەت تەلىپى مۇۋاپىق، ئورنى مۇقىم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ مەسىلە «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزگە باغلىق بولىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇر تىللىق مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەكتەپ يېتەكچىلىرى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلەۋاتقان ۋەخپە، جەمئىيەتلەر مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يادرولۇق كۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار قانچە يىلدىن بېرى بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاز بولمىغان نەتىجە، ھاسىلاتلارنى يارىتىپ، مەلۇم تەجرىبە ساۋاقلارغا ئىگە بولدى. مائارىپ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سېپىنى تولۇقلىشىمىز، دەرسلىكلىرىنى تولۇقلاپ بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، سىستېمىلاشقان، پىروگراممىلاشقان دەرىجىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. ئۇلارنى ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا مەبلەغدىن بويۇن قىسىپ قالمايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. بۇ يەنە «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى يولغا قويۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزگە باغلىق بولىدۇ.

دېمەك، «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى» مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى. ئەگەر «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى ياخشى يولغا قويالمىساق، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ماڭدامدا قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا دۇچ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا مۇھاجىرەتتىكى ھەربىر ئۇيغۇر «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى دەپ تونۇشى، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىگە كۈچ قوشۇۋاتىمەن، دەپ قارىشى لازىم. مەسىلىگە مۇشۇنداق يۈكسەكلىكتە قارىغاندا، ئاندىن بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

بۇ يازمىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىم مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر - قاراشلىرىم. بەلكىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىم يېتەرسىزلىكى تۈپەيلى، مەسىلىگە چوڭقۇرلاپ كىرەلمىگەندىمەن، قاراشلىرىمنىڭ جايىدا بولمىغان تەرەپلىرى بولۇشى تەبىئىي. شۇڭلاشقا قېرىنداشلارنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلىشىنى، يېڭى مەزمۇن، تەكلىپلەر بىلەن بېيىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەممىمىز بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلەيلى، بۇ ھەقتە باش قاتۇرايلى، ئىزدىنەيلى، پىكىرلىشەيلى، ئۆزئارا ياردەملىشەيلى، «نان تېگىدىغان ئىش»نى قىلىشايلى.

# ساغلاملىقنى ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساغلام ھاياتنىڭ ئاچقۇچىدۇر



پروفېسسور مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى

ئىنسانلار يەرشارىدىكى جانلىقلار ئىچىدىكى مېڭە ئىقتىدارى ئەڭ تەرەققىي قىلغان، ئەقلىي ھېسسىياتقا ئىگە جانلىق بولۇپ، ساغلاملىق ئۇنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئەڭ زور بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

كۈنىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى بىلمىگەنلىكى ئۈستىگە، ئۆگىنىشكىمۇ قىزىقمايدۇ، بىلمەسلىكتىن ساقلىقنى ساقلىيالماي، ساقايماس كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ، ھەتتا تەن ساغلاملىقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن سەۋەبلەردىن ئۇزاق تۇرالماي، جىددىي خاراكتېرلىك ھەر خىل كېسەللىكلەرگە دۇچار بولۇپ، ئۆمۈرلۈك مېيىپقا ئايلىنىدۇ ياكى تۇيۇقسىز كەلگەن ئەجەل بىلەن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەر مېدىتسىنا پەنلىرى تەرەققىي قىلدى دەپ قاراپ، ساقلىقنى ساقلاشقا سەل قارايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇلار كېسەل داۋالاشتا يۇقىرى پەن - تېخنىكىدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا گەپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا تۆلىنىدىغان بەدەللەرمۇ ئىنتايىن كۆپ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئاز سانلىق كىشىلەرلا بەھرىمەن بولالايدۇ.

ھازىر ئۆلۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولىۋاتقان كېسەللىك تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكى بولۇپ، ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن يۈرەكتىكى يۈرەكنىڭ ئۆزىنى قان بىلەن تەمىنلەيدىغان تاجىسىمان قان تومۇرنى ئېچىش ئۈچۈن شۇ تومۇرغا نەيچە ئىشلىتىپ، تىرىگۈچ (تىرەك) قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تىرىگۈچنىڭ دىيامېتىرى ئۈچ مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى بەش گىرامغىمۇ يەتمەيدۇ، ئەمما باھاسى 5000 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بىر قېتىمدىلا ئۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تال نەيچە قويۇلىدۇ، ئۇ نەيچىنىڭ باھاسى 3500 ئامېرىكا دوللىرى. ئۇ بىر قېتىم ئىشلىتىلگەندىن كېيىن تاشلىۋېتىلىدۇ. شۇ بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيە ئۈچۈن 10 مىڭ دوللاردىن 14 مىڭ دوللارغىچە، ھەتتا 20 - 30 مىڭ دوللار كېتىدۇ. بىراق پەن - تېخنىكا بىمارلارنى ئەسلىدىكى ساق ھالەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ.

يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دەسلەپتە ئىنتايىن

ئاسان ۋە ئاددىي بولۇپ، تاماقنى ئازايتىش، ھايۋانات مېيى ۋە ھايۋانات مېيىدىن ياسالغان يېمەكلىكلەردىن پەرھىز تۇتۇش، كۈندە بىر قانچە تال مېۋە - چېۋە يەپ تۇرۇش ۋە سەي - كۆكتاتلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىش بىلەن ھەر كۈنى نورمال ھالەتتە ھەرىكەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ تۇرسىلا، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىنىڭ، يۈرەك - مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇش، مېڭىگە قان چۈشۈش قاتارلىق جىددىي خاراكتېرلىك خەۋپلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

مېڭىگە قان چۈشكەندە ئۇنى داۋالاش ئۇچۇن باش سۆڭىكىدىن تۆشۈك ئېچىپ، قاننى چىقىرىۋېتىپ بولغاندىن كېيىن شۇ تۆشۈككە نەيچە قويۇپ قان توختىغۇچە ئاقتۇرۇپ قويۇلىدۇ. بىمار تىرىك قالغان تەقدىردىمۇ يېرىم پالەچلىنىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتا بىر ئۆمۈر قالىدۇ. كۆپىنچە كېسەللىكلەر داۋالىنىپ ساقايغان تەقدىردىمۇ كېسەل بولغان ئەزا، رېمونت قىلىنغان ماشىنا بىجىرىم بولالماي، ھەر دائىم رېمونتخانىدىن كېلەلمىگەندەك ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ، شۇڭا كېسەل بولۇپ داۋالانغاندىن كۆرە، ساقلىقنى ساقلاپ كېسەل بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەڭ ئاقىلانە چارە ھېسابلىنىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان ئادەمنىڭ بەدەندىكى كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى (تەبىئەت كۈچى) كۈچلۈك بولغاچقا ئاسانلىقچە كېسەل بولمايدۇ، كېسەل بولغاندىمۇ ئاسانلا ساقىيىپ، تېزلا ئەسلىگە كېلەلەيدۇ، ساقلىقنى ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان كىشىلەر قېرىسىمۇ روھلۇق، ساغلام، كۈچلۈك ھالەتتە چىرايلىق قېرىيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ ئۈستۈڭدە بەدىنىڭنىڭ ھەققى بار». ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «يەڭلار، ئىچىڭلار ئىسراپ قىلماڭلار»([1]). شۇڭا بىز بەدىنىمىزنى بەك ئۇسسۇز قويۇپ ھالسىزلاندۇرماي، ئاچ قويۇپ ئاجىزلاشتۇرۇپ قويماي، ھەددىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق زىيادە سەمرىتىپ كېسەل قىلىپ قويماي، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلىقنى ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا، دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىساق، ئۇنىڭغا كەتكەن پۇل، ۋاقىت ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلىنىپ، ئاللاھ ئەجىر بېرىدۇ.

«ئۇيغۇر تېبابىتى ساقلىقنى ساقلاش ئىلمى»دە ساقلىقنى ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن ساقلىقنى ساقلاشنىڭ ئالتە قائىدىسى «سىتتە زۆرۈرىيە» گە رىئايە قىلغاندا، ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، بەدەننىڭ كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇ ئالتە قائىدە تۆۋەندىكىچە:

1. ساپ ھاۋانىڭ نورمال بولۇشى بەدەننى ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەپ

---

[1] سۈرە ئەئراف 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئەزا - تۇقۇلما ھۈجەيرىلەرنىڭ روھ بىلەن تەمىنلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوزۇقلۇقلارنىڭ ئوكسىدلىنىپ، بەدەننىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بەدەندە ماددا ئالمىشىش جەريانىدا پەيدا بولغان كاربون تۆت ئوكسىدتىن ئىبارەت بۇزۇق گاز ماددىلارنىڭ ئۆپكە ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا ھاۋاسى ساپ بولغان مۇھىتتا ياشاش، بۇزۇق ياكى بۇلغانغان ھاۋادىن يىراق تۇرۇش لازىم.

2. سۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئىنسانلار نورمال ھاياتتا سۇسىز ياشىيالمايدۇ. چۈنكى ئىنسان بەدىنىنىڭ 60 پىرسەنتى سۇ بولۇپ، بەدىنىدىكى ماددا ئالمىشىش سۇلۇق مۇھىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. سۇسىز مۇھىتتا ماددا ئالمىشىش مۇمكىن بولمايدۇ. ھالبۇكى ئادەم نورمال ئەھۋال ئاستىدا بىر سوتكىدا ئۈچ لىتىر ئەتراپىدا سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا ھەر دائىم پاكىز، سۈزۈك، يېڭى سۇ ئىچىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3. يېمەك - ئىچمەك ساغلام ياشاش ئۈچۈن ھاۋا ۋە سۇدىن قالسىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بەدەنگە كېتىدىغان تەبىئىي خىلىتلار تەركىبىدىكى ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇپ، ئادەم بەدىنى ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ئۇيۇرتىش، ئېنېرگىيەنى خورىتىش بەدىلىگە ھاياتلىقنى ساقلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا يېمەكلىكلەرنى مىزاجىغا ماسلاشتۇرۇپ، مىقدارىنى ئازايتىپ، تۇرىنى كۆپەيتىپ ۋە پاكىزلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلغان ئاساستا ئىستېمال قىلىش لازىم. ھاراق - شاراب قاتارلىق مەست قىلغۇچى، تاماكا، نەشە - خېروئىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ئۆزىنى چەكلەش،



تاماقنى ۋاقتىدا يېيىش، بەك تويۇنۇپ يېيىشتىن ساقلىنىش لازىم.

4. ئۇيقۇ - ئويغاقلىقنىڭ نورمال بولۇشى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تىنچلىق ھالىتى بىلەن ھەرىكەت ھالىتىنى تەڭشەش، نېرۋا چارچاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھېس - تۇيغۇ، تەپەككۇر، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئاشۇرۇش، ئورگانىزمنىڭ كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى كۈچەيتىش، خىلىتلار تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەش قاتارلىق رولى بار. شۇڭا ئۇيقۇنىڭ ئالتە سائەتتىن ئاز بولماسلىقىغا، سەككىز سائەتتىن كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيقۇنىڭ نورمال بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

5. ھەرىكەت ۋە جىملىق ھەرىكەت قىلىش بىلەن ئارام ئېلىشنىڭ نورمال بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرىكەت ئەزالارنىڭ ماددا ئالمىشىش پائالىيىتىنىڭ توختاۋسىز داۋاملىشىش جەريانىنى، جىملىق بولسا

بەدەندىكى ھەرىكەت نېرۋىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ھەرىكەتسىز ياكى ئارام ئېلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ نورمال ھالەتتە بولۇشى سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ماددا ئالمىشىشىنى تەڭشەيدۇ. ئەزالارنى قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ چىداملىقىنى ئاشۇرۇپ، كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

6. تەبىئىي روھىي كەيپىياتنىڭ نورمال بولۇشى سالامەتلىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، ئىنسان ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۇنى روھىي جەھەتتىن خۇشاللاندۇرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا غەم - قايغۇ، سىقىلىش، دىققىتىنى چېچىش، خىجالەتچىلىك، قورقۇش قاتارلىق غەيرىي تەبىئىي روھىي كەيپىياتلارنى پەيدا قىلىپ، بەدەندىكى مىزاج، خىلىت ۋە باشقا تەركىبلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا تەبىئىي روھىي كەيپىياتنى نورمال ساقلاش ئۈچۈن دىنىمىزنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، شەرىئەت بىلىملىرى ۋە ئەخلاق قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ ئۆزىنى قوراللاندۇرۇش ئارقىلىق باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىش، قېرىنداشلىق، ھەمكارلىق، ئىتتىپاقلىق، بىرلىك، تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىق قاتارلىقلارنى ئالاھىدە ياخشىلاش بىلەن بىرلىكتە زىممىسىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنلاش، ھەر ئىشتا ئۈمىدۋار بولۇش، كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ، ئازادە تۇتۇش، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش قاتارلىق ياخشى بولغان پىسخىكىلىق ساپانى يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

غەيرىي تەبىئىي روھىي كەيپىياتلاردىن غەم - قايغۇ، سىقىلىش، دىققىتىنى چېچىش، خىجالەتچىلىك، قورقۇش قاتارلىقلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي، داۋاملىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەردىن نەشە، تاماكا، ھاراق، ئەپيۇن ۋە باشقا ئۇخلاتقۇچى زەھەرلىك نەرسىلەرگە ئۆزىنى مەجبۇرلاش كىشىنى ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ يۇقىرىقى ساقلىنىش ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئالتە مۇھىم قائىدىلىرىگە تولۇق ئەھمىيەت بەرگەندە ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى، ھەتتا بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ.

*پايدىلانغان ماتېرىياللار:*

*1. «ئۇيغۇر تىبابىتى ئاساسىي نەزەرىيەلىرى ئىلمى» ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى، «شىنجاڭ» سەھىيە نەشرىياتى، 2001 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى.*

*2. «ئىكسىرى ئەزەم» «شىنجاڭ» خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - نەشرى، 2008 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى.*

*3. «ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆرسەتمىسى»، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى، 2020 - يىلى 4 - سان.*



# قىيامەتنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئەقلىي دەلىلى

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانا ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز! ئۆتكەنكى ساندا ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە ئىنساننى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئەقلىي دەلىللىرىنى بايان قىلغان ۋە بۇ ساندا قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنىڭ ئەقلىي دەلىللىرىنى بايان قىلىشقا ۋەدە بەرگەن ئىدۇق. ۋەدىمىز بويىچە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنىڭ بەلكى قىيامەت بولۇشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئەقلىي دەلىللىرىدىن بەزىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

1-دەلىل: بۇ ئالەم ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇدات، جۈملىدىن ئىنسان بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس.

دىققەت بىلەن قارايدىغان بولسا، ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق - جانسىز بارلىق مەۋجۇداتنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالەتتە ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. قۇياشنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسى، زېمىننىڭ قۇياشنىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىشى، ئاينىڭ زېمىننىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىشى ۋە باشقا ھايۋاناتلارنىڭ ھاياتى ھەممىسى ئىنساننىڭ ھاياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ مەۋجۇداتلاردىن بىرسى كەم بولسا، مەسىلەن قۇياش بولمىسا، ياكى بۇ مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسىدا - قانۇنىيىتىدە ئۆزگىرىش بولسا، ئىنسان ھالاك بولىدۇ. ياشاش مۇمكىن بولمايدۇ. دېمەك، بۇ ئالەمدە ھېچبىر نەرسە پىلانسىز، مەقسەتسىز بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس. ھەممە نەرسە ناھايىتى ئىنچىكە پىلان، پىروگرام ۋە مەقسەت بىلەن يارىتىلغان بولۇپ، ئاشۇ پىلان بويىچە مەقسەتكە ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالنُّجُومُ مُسَخَّرَاتٌ بِأَمْرِهِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ۝ وَمَا ذَرَأَ لَكُمْ فِي الْأَرْضِ مُخْتَلِفًا أَلْوَانُهُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً لِقَوْمٍ يَذَّكَّرُونَ ۝ وَهُوَ الَّذِي سَخَّرَ الْبَحْرَ لِتَأْكُلُوا مِنْهُ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُوا مِنْهُ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا وَتَرَى الْفُلْكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا مِنْ فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ (ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ ئاللاھنىڭ

ئەمرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. ئاللاھ يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى). ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار. ئاللاھ سىلەرنى دېڭىز (ھايۋانلىرى) نىڭ يېڭى گۆشلىرىنى يېسۇن، (ئۈنچە - مارجان قاتارلىق) تاقايدىغان زىنnەت بۇيۇملىرىنى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. سەن كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. (بۇلارنىڭ ھەممىسى) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.)[1]

مانا مۇشۇنداق سان - ساناقسىز مەۋجۇداتلارنىڭ خىزمىتى سايىسىدە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئىنساننىڭ بىكارغا يارىتىلىشى ۋە بىر نەچچە يىل ياشاپ، ئۆلۈپ يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثاً وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لا تُرْجَعُونَ﴾(ئى ئىنسانلار! بىزنىڭ سىلەرنى بىكارغا ياراتقانلىقىمىزنى ۋە سىلەرنىڭ (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدىغانلىقىڭلارنىڭ ئويلىدىڭلار، شۇنداقمۇ؟)[2]

باشقا مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلارنى قويۇپ تۇرايلى، ئىنساننىڭ بەدىنىدىكى ھەربىر ئەزا شۇنداق مۇرەككەپ، ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك پىلان ۋە قانۇنىيەتلەر بىلەن ئىجاد قىلىنىپ، بىر - بىرىگە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىدىغان شەكىلدە يارىتىلغان. مەسىلەن: ئىنساننىڭ مېڭىسىگە قاراپ باقايلى! ئۇنىڭدا 120 مىليارد نېرۋا ھۈجەيرىسى بار بولۇپ، ھەربىر ھۈجەيرە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون مىڭغا يېقىن باشقا ھۈجەيرە بىلەن مۆجىزىلىك بىر شەكىلدە باغلانغان. بۇ باغلىنىش كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تۇتۇش ئارقىلىق ھېس قىلىش ئۈچۈن لازىم. يەنە سۆزلەش، ھەرىكەت قىلىش، ئويلاش، ئىدراك قىلىش، مىليونلىغان سۆزلەرنى ۋە رەسىملەرنى ساقلاش، ئىسىملارنى، ئورۇنلارنى، پۇراقلارنى ئېسىدە تۇتۇش ۋە بىر كۆرگەن نەرسىنى نەچچە يىلدىن كېيىن ئىككىنچى كۆرگەندە تونۇش، بىر قېتىم ئاڭلىغان ئاۋازنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلاش بىلەن كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇش ئىقتىدارى ۋە باشقا ئىقتىدارلار ھەممىسى ئاشۇ مېڭىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ باشقا ھۈجەيرىلەر بىلەن باغلىنىشى ئارقىلىق بولىدۇ. ئىنساننىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، ھەرىكەت سىستېمىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بولسا، نەچچە توم كىتاب بولىدۇ. ياراتقۇچىنىڭ بۇ ئىنساننى مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ، مۇشۇنداق مۆجىزە ۋە سەنئەت بىلەن يارىتىپ، دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئاندىن

[1] نەھل سۈرىسى: 12 - 13 - 14 - ئايەتلەر.
[2] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 115 - ئايەت.

ئۇنى ئۆلۈپ تۈگەشكە تاشلاپ قويۇشى مۇمكىنمۇ؟

يەنە قارايدىغان بولساق ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر، سالىھ كىشىلەر، شېھىدلەر بار؛ يەنە سانسىز زالىملار، پىرئەۋنلەر بار. زالىملار نۇرغۇنلىغان سالىھ ياخشى كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدۇ؛ بىگۇناھ ئىنسانلارنى نارەسىدە باللىرىنى ئۆلتۈرىدۇ؛ ئاخىرىدا زالىملارمۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى مەزلۇملارمۇ ئوخشاش ئۆلىدۇ، نە زالىملار جازالانمايدۇ، نە مەزلۇملار ھەققىنى ئالالمايدۇ، ئىش تۈگەيدۇ. ئەگەر ئىش مۇشۇنداق بولۇپ، قىيامەت بولمايدىغان بولسا، ياراتقۇچى بىھۇدە، ھېچقانداق غايىسى يوق ئىش قىلغان بولامدۇ؟ شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇنداق ئويلايدىغانلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ اجْتَرَحُوا السَّيِّئَاتِ أَنْ نَجْعَلَهُمْ كَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَوَاءً مَحْيَاهُمْ وَمَمَاتُهُمْ سَاءَ مَا يَحْكُمُونَ﴾(يامان ئىشلارنى قىلغانلار بىزنىڭ ئۇلارنى ھاياتلىقتا ۋە ئۆلگىنىدە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!)[3]﴿أَفَمَنْ كَانَ مُؤْمِناً كَمَنْ كَانَ فَاسِقاً لا يَسْتَوُونَ﴾((ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ) مۇئمىن بولغان ئادەم (توغرا يولدىن چەتنەپ) پاسىق بولغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار باراۋەر ئەمەس. )[4]﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثاً وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لا تُرْجَعُونَ ۝ فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لا إِلَهَ إِلا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ﴾((ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى بىزنىڭ پەقەتلا بىھۇدە (مەقسەتسىز) ياراتقانلىقىمىزنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدىغانلىقىڭلارنى ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟ ھەقىقىي پادىشاھ - ئاللاھ (ئۇنداق بىھۇدە ئىش قىلىشتىن) ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر.)[5]

مانا بۇ ئايەتلەردە يامان ئىش قىلغانلار بىلەن ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ، مۇئمىنلار بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ئوخشاش قىلىش بىھۇدىلىك بولىدىغانلىقىنى ۋە ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ بۇنداق بىھۇدە ئىش قىلىشتىن پاك ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، ياخشىلار بىلەن يامانلار، زالىملار بىلەن مەزلۇملار، كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلار ئوخشاش بولماسلىقى، ياخشىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشى، يامانلارنىڭ ۋە زالىملارنىڭ ھەقلىق جازاسىنىڭ بېرىلىپ، مەزلۇملارنىڭ ھەقلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بۇ ئىش بۇ چەكلىك دۇنيادا بولمىغان ئىكەن، چەكسىز بىر دۇنيادا بۇ ئادالەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ياخشى - يامانلىقىنىڭ مۇكاپات - جازاسىنى كەم - زىيادىسىز كۆرۈشى لازىم بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھ تائالا مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿وَلا تَحْسَبَنَّ اللَّهَ غَافِلًا عَمَّا يَعْمَلُ الظَّالِمُونَ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمْ لِيَوْمٍ تَشْخَصُ فِيهِ

[3] جاسىيە سۈرىسى: 21 - ئايەت.
[4] سەجدە سۈرىسى: 18 - ئايەت.
[5] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 115 - 116 - ئايەتلەر.

الْأَبْصَارُ﴾(زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن! شۈبھىسىز ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى كۆزلەر چەكچىيىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ.)[6] چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ئۆمرى قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن زالىملارغا ھەقلىق جازا بېرىش مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ جازاسى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان قىيامەت كۈنىگە كېچىكتۈرۈلىدۇ.

2-دەلىل: دەسلەپتە يوقتىن يارىتىپ بارلىققا كەلتۈرۈش

بىر نەرسىنى دەسلەپتە ئىجاد قىلىش قىيىن، ئۇنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بۇزۇلسا يا يوق بولسا، ئۇنى قايتىدىن ئىجاد قىلىش ئاسان. چۈنكى ئۇنى ئىجاد قىلغۇچى ئۇنى قانداق ئىجاد قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق ماتېرىياللارنىڭ لازىملىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر ھۈنەرۋەن بىر نەرسىنى دەسلەپ ياساشتا قىينىلىدۇ، بەزىدە مەغلۇپ بولىدۇ، بىر نەچچە قېتىم تەجرىبە قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى ھەم قىسقا ۋاقىتتا، ھەم ئاسان ياساشقا باشلايدۇ. بۇ ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى رېئاللىق ۋە ئاددىي بىر ھەقىقەت. ئاللاھ تائالا چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە قىيىن ئەمەس، لېكىن ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ بولۇشىغا ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان ئاشۇ رېئاللىقنى ئەقلىي دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ﴿وَهُوَ الَّذِي يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ وَهُوَ أَهْوَنُ عَلَيْهِ وَلَهُ الْمَثَلُ الْأَعْلَى فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾(ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بارلىققا كەلتۈرىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ ئوڭايدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئەڭ ئالىي سۈپەت ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.)[7]

ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ بولۇشىغا شەك قىلىپ، ئۇنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغا كاپىرغا ئەقلىي دەلىل بىلەن رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِنَ الْبَعْثِ فَإِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ مِنْ نُطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ مِنْ مُضْغَةٍ مُخَلَّقَةٍ وَغَيْرِ مُخَلَّقَةٍ لِنُبَيِّنَ لَكُمْ وَنُقِرُّ فِي الْأَرْحَامِ مَا نَشَاءُ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى ثُمَّ نُخْرِجُكُمْ طِفْلًا ثُمَّ لِتَبْلُغُوا أَشُدَّكُمْ وَمِنْكُمْ مَنْ يُتَوَفَّى وَمِنْكُمْ مَنْ يُرَدُّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ لِكَيْلَا يَعْلَمَ مِنْ بَعْدِ عِلْمٍ شَيْئًا وَتَرَى الْأَرْضَ هَامِدَةً فَإِذَا أَنْزَلْنَا عَلَيْهَا الْمَاءَ اهْتَزَّتْ وَرَبَتْ وَأَنْبَتَتْ مِنْ كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ وَأَنَّهُ يُحْيِي الْمَوْتَى وَأَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ السَّاعَةَ آتِيَةٌ لَا رَيْبَ فِيهَا وَأَنَّ اللَّهَ يَبْعَثُ مَنْ فِي الْقُبُورِ﴾(ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار، (شۇنى بىلىڭلاركى) بىز سىلەرگە قۇدرىتىمىزنى بايان قىلىش ئۈچۈن، سىلەرنى تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىيدىن، ئاندىن ئەلەقتىن[8]، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن

[6] ئىبراھىم سۈرىسى: 42 - ئايەت.

[7] رۇم سۈرىسى: 27 - ئايەت.

[8] ئەلەق - ئېسىلغان، مۇئەللەقتە قالغان دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا كىرگەن مىليونلىغان ئۇرۇق ئىچىدىن تۆرىلىشكە تاللىنىپ، بالىياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان ئۇرۇقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىرقى زاماندا بايقالغان مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ، قۇرئان كەرىم نازىل بولغان چاغلاردا ئىنسانلار بۇنى بىلمەيتتى.

گۆش پارچىسىدىن ياراتتۇق. بىز (تۇغۇلۇشىنى) خالىغان تۆرەلمىنى بالىياتقۇدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز. ئاندىن سىلەرنىڭ قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىشىڭلار ئۈچۈن (سىلەرنى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، بەزىڭلار ياش تۇرۇپلا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىڭلار (ئىلگىرى) بىلگەن نەرسىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغۇدەك قېرىپ كەتكۈچە ھايات قالدۇرۇلىسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) سەن زېمىننىڭ قاقاس ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ، كۆپىدۇ ۋە تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ھەق



ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەممە نەرسىگە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى (سىلەرگە) بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا قىيامەتنىڭ كېلىشىدە قىلچە شەك يوق ئىكەنلىكىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى ئاللاھنىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر)[9]

قۇرئان كەرىم بىزگە توغرا تەپەككۇر قىلىش يولىنى ئۆگىتىدۇ. چۈنكى خاتا تەپەككۇر قىلغاندا، خاتا يەكۈن چىقىدۇ. قىيامەتنىڭ بولۇشىغا ئىنكار قىلغان ئىنسانلار پەقەت ئىنسان ئۆلۈپ، بەدەنلىرى چىرىپ، پارچىلىنىپ، توپىغا ئارىلىشىپ، يوق بولۇپ كەتكەن تۇرسا، قانداق تىرىلىدۇ؟ دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇ خاتا تەپەككۇر ۋە خاتا ئويلاش. قۇرئان كەرىم بىزگە بۇ چىرىپ، پارچىلىنىپ، توپىغا ئارىلىشىپ كەتكەن بەدەننىڭ ئەسلىدە يوق ئىكەنلىكىنى، ياراتقۇچىنىڭ يوق بىر نەرسىنى پەيدا قىلىپ يارىتىشقا كۈچى يەتكەنلىكىنى ئويلىغاندا، ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قايتا يارىتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىمۇ كۈچى يېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مانا بۇ توغرا تەسەۋۋۇر، توغرا تەپەككۇر ۋە توغرا نەتىجە. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿وَيَقُولُ الإِنْسَانُ أَإِذَا مَا مِتُّ لَسَوْفَ أُخْرَجُ حَيًّا أَوَلا يَذْكُرُ الإِنْسَانُ أَنَّا خَلَقْنَاهُ مِنْ قَبْلُ وَلَمْ يَكُ شَيْئًا﴾((كاپىر ئىنسان: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن، راستىنلا تىرىلىپ (قەبرەمدىن) چىقىرىلامدىمەن؟» دەيدۇ. ئۇ ئىنسان بىزنىڭ ئۇنى ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئويلاپ باقمامدۇ؟)[10] ﴿وَقَالُوا أَإِذَا كُنَّا عِظَاماً وَرُفَاتًا

[9] ھەج سۈرىسى: 5 -، 6 -، 7 - ئايەتلەر.
[10] مەريەم سۈرىسى: 66 -، 67 - ئايەتلەر.

أَإِنَّا لَمَبْعُوثُونَ خَلْقاً جَدِيداً قُلْ كُونُوا حِجَارَةً أَوْ حَدِيداً، أَوْ خَلْقاً مِمَّا يَكْبُرُ فِي صُدُورِكُمْ فَسَيَقُولُونَ مَنْ يُعِيدُنَا قُلِ الَّذِي فَطَرَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَسَيُنْغِضُونَ إِلَيْكَ رُؤُوسَهُمْ وَيَقُولُونَ مَتَى هُوَ قُلْ عَسَى أَنْ يَكُونَ قَرِيباً﴾(ئۇلار: «بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، چوقۇم تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېيىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى هاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش سىلەرگە قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرىدۇ)». ئۇلار: «بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ، «سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ» دېگىن، ئۇلار (مەسخىرە بىلەن) ساڭا باشلىرىنى چايقاپ تۇرۇپ: «ئۇ (يەنى قىيامەت) قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ، سەن «بەلكىم ئۇ يېقىندا بولىدۇ» دېگىن.)[11]

3-دەلىل: ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش

بىز ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا ۋە ئەمەلىيىتىدە چوڭ ۋە مۇرەككەپ نەرسىنى ئىجاد قىلالىغان كىشىنىڭ كىچىك ۋە ئاددىي نەرسىنى ئىجاد قىلىشى ئاسان بىر ئىشتۇر. مەسىلەن: ماشىنىنى ياسىيالىغان كىشىنىڭ ۋېلىسىپىتنى ياسىشى ئىنتايىن ئاسان بىر ئىش. ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ بولۇشىغا مانا مۇشۇ ئىنساننىڭ مەنتىقىسى بىلەن ئەقلىي دەلىل كەلتۈرۈپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقتىن يارىتىپ، ئۇنى ساغلام تۇتۇپ تۇرۇشقا كۈچى يەتكەن ياراتقۇچىنىڭ، ئۆلۈپ بەدەنلىرى

[11] ئىسرا سۈرىسى: 49 -، 50 -، 51 - ئايەتلەر.

چىرىپ كەتكەن ئىنسانلارنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئاسانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: ﴿أَوَلَيْسَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ بِقَادِرٍ عَلَى أَنْ يَخْلُقَ مِثْلَهُمْ بَلَى وَهُوَ الْخَلاقُ الْعَلِيمُ، إِنَّمَا أَمْرُهُ إِذَا أَرَادَ شَيْئًا أَنْ يَقُولَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ، فَسُبْحَانَ الَّذِي بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ (ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قادىر. ئاللاھ ئاجايىپ ماهىر ياراتقۇچىدۇر، هەممىنى بىلگۈچىدۇر. ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەتلا «بول!» دەيدۇ - دە، ئۇ دەرهال بولىدۇ. هەربىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى قولىدا بولغان ئاللاھ پاكتۇر، سىلەر (ئاخىر) ئۇنىڭ دەرگاهىغا قايتۇرۇلىسىلەر.)[12]يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَأَنْتُمْ أَشَدُّ خَلْقًا أَمِ السَّمَاءُ بَنَاهَا ۝ رَفَعَ سَمْكَهَا فَسَوَّاهَا ۝ وَأَغْطَشَ لَيْلَهَا وَأَخْرَجَ ضُحَاهَا﴾ (سىلەرنى يارىتىش قىيىنمۇ ياكى ئاسماننى يارىتىشمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى ياراتتى، ئۇنى ئېگىز ۋە كەم - كوتىسىز قىلدى، ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى.)[13] سىلەرنى يارىتىش قىيىنمۇ ياكى ئاسماننى يارىتىشمۇ؟ دېگەن سوئالغا هەرقانداق ئادەم ئەلۋەتتە ئاسماننى يارىتىش قىيىن دەپ، جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەنە شۇ ئەڭ قىيىن ئاسماننى ياراتتى، ئۇنى ئېگىز ۋە كەم - كوتىسىز قىلدى، ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى. ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى قايتىدىن يارىتىشى

[12] ياسىن سۈرىسى: 81 - 82 - 83 - ئايەتلەر.

[13] نازىئات سۈرىسى: 27 - 32 - ئايەتلەر.

ناھايىتى ئاسان. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى شۇنچىلىك چەكسىزكى، ئۇ ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەيدۇ، ئۇ دەرھال بولىدۇ.

4-دەلىل: قۇرئان كەرىمدە كەلتۈرۈلگەن تارىخىي ۋەقەلەر

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇشۇ دۇنيادا ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تىرىلدۈرگەنلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلغان. بۇ بەش ۋەقە بولۇپ، ھەممىسى بەقەرە سۈرىسىدە كەلگەن:

بىرىنچى ۋەقە: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئاللاھ تائالانى ئوچۇق كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ، كېيىن تىرىلدۈرگەن. ﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَنْ نُؤْمِنَ لَكَ حَتَّى نَرَى اللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ الصَّاعِقَةُ وَأَنْتُمْ تَنْظُرُونَ، ثُمَّ بَعَثْنَاكُمْ مِنْ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ (ئۆز ۋاقتىدا سىلەر: «ئى مۇسا! بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار - دە، قاراپ تۇرغان چېغىڭلاردا سىلەرنى چاقماق سوقتى. ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلدۈردۇق.)[14]

ئىككىنچى ۋەقە: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن بىرسى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، جەسەتنى باشقا بىر مەھەللىگە ئاپىرىپ تاشلاپ قويۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قاتىلدىن قىساس ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ مەھەللىنىڭ كىشىلىرى ئۇنى ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى تىلەشنى تەلەپ قىلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا، ئاللاھ تائالا بىر كالىنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇشنى بۇيرۇغان. ئۇلار بىر نەچچە سوئال ۋە جاۋابتىن كېيىن ئاخىرى بىر كالىنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈككە ئۇرغاندا، ئۆلۈك تىرىلىپ ئۆزىنىڭ قاتىلىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَتَلْتُمْ نَفْسًا فَادَّارَأْتُمْ فِيهَا وَاللَّهُ مُخْرِجٌ مَا كُنْتُمْ تَكْتُمُونَ ۝ فَقُلْنَا اضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا كَذَلِكَ يُحْيِي اللَّهُ الْمَوْتَى وَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾ (ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، بۇنى بىر - بىرىڭلارغا دۆڭگەشكەن ئىدىڭلار. ھالبۇكى، سىلەر يوشۇرغاننى ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر. (سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلىنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ، قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە (مۇشۇنداق) كۆرسىتىدۇ.)[15]

ئۈچىنچى ۋەقە: بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بىر جامائەت ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن چىقىپ كەتكەن. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىن تىرىلدۈرگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ خَرَجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ الْمَوْتِ فَقَالَ لَهُمُ اللَّهُ مُوتُوا ثُمَّ أَحْيَاهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَشْكُرُونَ﴾ (ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن

[14] بەقەرە سۈرىسى: 55 - 56 - ئايەتلەر.

[15] بەقەرە سۈرىسى: 72 - 73 - ئايەتلەر.

قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارغا«ئۆلۈڭلار» دېدى (ۋە ئۇلار ئۆلدى)، ئاندىن كېيىن (ئاللاھ) ئۇلارنى تىرىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن كەرەملىكتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى(ئاللاھقا) شۈكۈر قىلمايدۇ.)[16]

تۆتىنچى ۋەقە: ئۇزەير ئەلەيھىسسالام خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن بىر يېزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاللاھ بۇلارنى قانداق تىرىلدۈرەر؟ دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، يۈز يىلدىن كېيىن تىرىلدۈرگەن. بۇ جەرياندا، ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا يەۋاتقان تامىقى بۇزۇلماي تۇرغان، مىنگەن ئېشىكى چىرىپ ئۇستىخانلىرى پارچىلىنىپ كەتكەن. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوْ كَالَّذِي مَرَّ عَلَى قَرْيَةٍ وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَى عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّى يُحْيِي هَذِهِ اللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا فَأَمَاتَهُ اللَّهُ مِائَةَ عَامٍ ثُمَّ بَعَثَهُ قَالَ كَمْ لَبِثْتَ قَالَ لَبِثْتُ يَوْماً أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ قَالَ بَلْ لَبِثْتَ مِائَةَ عَامٍ فَانْظُرْ إِلَى طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ وَانْظُرْ إِلَى حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ آيَةً لِلنَّاسِ وَانْظُرْ إِلَى الْعِظَامِ كَيْفَ نُنْشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْماً فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُ قَالَ أَعْلَمُ أَنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾(ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان شەھەردىن ئۆتكەن ۋە «ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن (ئاھالىسى) نى قانداقمۇ تىرىلدۈرەر؟» دېگەن كىشىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنى (ئۆلتۈرۈپ) شۇ ھالىتىدە يۈز يىل تۇرغۇزۇپ ئاندىن تىرىلدۈردى. (ئاللاھ پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «سەن بۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىر كۈنگىمۇ يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ياق! سەن يۈز يىل تۇردۇڭ! يېمەك - ئىچمىكىڭگە قاراپ باقىنكى، ھېچ بۇزۇلمىغان، ئېشىكىڭگە قارا (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). سېنى ئىنسانلارغا (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىشىمىز ئۈچۈن (مۇشۇ ئىشلارنى قىلدۇق). بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى بىز قانداق قۇراشتۇرۇپ، ئاندىن بىز ئۇنىڭغا قانداق گۆش قوندۇرىدىكەنمىز». بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق بولغان چاغدا، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ (ئوبدان) بىلىۋالدىم» دېدى.)[17]

بەشىنچى ۋەقە: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئاللاھ تائالادىن ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تۆت خىل ئۇچارلىقتىن بىرەرنى ئۆلتۈرۈپ، بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىپ، ھەربىر تاغنىڭ بېشىغا بىر پارچىدىن قويۇپ، ئاندىن ئۇنى چاقىرىشنى بۇيرۇغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىپ ھەربىر ئۇچارلىقنى چاقىرغاندا، ئۇ تىرىلىپ يۈگۈرۈپ كەلگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ أَرِنِي كَيْفَ تُحْيِي الْمَوْتَى قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِنْ قَالَ بَلَى وَلَكِنْ لِيَطْمَئِنَّ قَلْبِي قَالَ فَخُذْ أَرْبَعَةً مِنَ الطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ ثُمَّ اجْعَلْ عَلَى كُلِّ جَبَلٍ مِنْهُنَّ جُزْءاً ثُمَّ ادْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ

[16] بەقەرە سۈرىسى: 243 - ئايەت.

[17] بەقەرە سۈرىسى: 259 - ئايەت.

سَعْياً وَاعْلَمْ أَنَّ اللّٰهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾(ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتسەڭ» دېۋىدى. ئاللاھ (سەن بۇنىڭغا): «ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ تېخىمۇ ئارام تېپىشى ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداقتا، قۇشتىن تۆتنى تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە توپلىغىن، ئاندىن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ پارچىلاپ، گۆشلىرىنى پەيلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ) ھەربىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويۇپ قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، ئۇلار دەرھال سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىدۇ» بىلگىنكى، ئاللاھ (ھەممىدىن) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.)[18] مانا بۇ قىسسىلەردە ئاللاھ تائالا ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن.

5-دەلىل: ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش

قارايدىغان بولساق بىز ئۈستىدە ياشاۋاتقان زېمىن ھەر يىلى قىشنىڭ كېلىشى بىلەن توڭلاپ، تاشتەك قېتىپ، ھېچنەرسە ئۈنمەيدىغان ئۆلۈك ھالەتكە كېلىدۇ. دەل - دەرەخلەر قۇرۇق - قاقشال بولىدۇ. باھارنىڭ كېلىشى بىلەن جانلىنىپ ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈشكە، دەل - دەرەخلەر بىخ ئۈرۈپ، يوپۇرماقلار چىقىرىشقا ۋە گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىشقا باشلايدۇ. مانا بۇ ھالەت بىزگە ئۆلگەندىن كېيىن قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَيُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَكَذَٰلِكَ تُخْرَجُونَ﴾(ئاللاھ جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرمۇ (تىرىلدۈرۈلۈپ قەبرىڭلاردىن) ئەنە شۇنداق چىقىرىلىسىلەر.)[19]

قۇرئان كەرىمدە قىيامەت كۈنىنىڭ ھەقلىقىغا كەلتۈرۈلگەن ئەقلىي دەلىللەر كۆپ. بىز بۇ بەش دەلىل بىلەن كۇپايە قىلىمىز. چۈنكى ئەقلىنى ئىشلىتمىدىغان، تەپەككۇر قىلمىدىغان، ھەقىقەتنى ئىزدىمەيدىغان كىشى ئۈچۈن قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى، قىيامەتنىڭ بولۇشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ يېتىدىغانلىقىنى بىلىشكە بىر دانە دەلىل يېتەرلىك بولىدۇ. ھەقىقەت بۇلۇتسىز ئاسماندىكى كۈنگە ئوخشاش ئوچۇق - ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ قوبۇل قىلمايدىغان، دەلىل - پاكىتلارغا قايىل بولمايدىغان تەرسالارغا يۈز دانە دەلىل كەلتۈرسىمۇ، گەدەنكەشلىك قىلىپ، ھەقىقەتتىن باش تارتىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە قىيامەتنىڭ ھەقلىقىغا كەلتۈرۈلگەن ئەقلىي دەلىللەردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن:

1. ئاللاھ تائالا ئەقىدە - ئىمان مەسىلىلىرىدە ئىنسانلارنى ئەقلىي دەلىل - پاكىتلار بىلەن قايىل قىلىش يولىنى تۇتقان. شۇنىڭ

[18] بەقەرە سۈرىسى: 260 - ئايەت.

[19] رۇم سۈرىسى: 19 - ئايەت.

ئۈچۈن ئىنسانلارنى توغرا تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ ۋە ئۇلارغا ھەرخىل ئەقلىي دەلىللەر سۇنىدۇ. ئىنسانلار بۇ دەلىللەرنى بىلگەندىن كېيىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن يا قوبۇل قىلىدۇ ياكى رەت قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى بۇ تاللىشىنىڭ نەتىجىسىنى مۇكاپات - جازا شەكلىدە كۆرىدۇ. ﴿لِيَهْلِكَ مَنْ هَلَكَ عَنْ بَيِّنَةٍ وَيَحْيَا مَنْ حَيَّ عَنْ بَيِّنَةٍ وَإِنَّ اللَّهَ لَسَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾(بۇ ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى ئۈچۈن، ياشايدىغانلارنىڭمۇ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئەلۋەتتە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.)[20]

2. بۇ ئالەم ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلار، جۈملىدىن ئىنسان مەقسەتسىز، بىھۇدە يارىتىلغان ئەمەس. ھەممىنىڭ يارىتىلىش مەقسىتى ۋە غايىسى بار. بۇنىڭدىن قىيامەتنىڭ بولۇشىنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ.

3. ھېچقانداق بىر كىشى بىر نەرسىنى يوقتىن ئىجاد قىلغۇچىنىڭ ئۇ نەرسە بۇزۇلغاندىن كېيىن قايتا ياسىيالايدىغانلىقىدا شەك قىلمايدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئىنساننى يوقتىن يارىتىپ بارلىققا كەلتۈرگەن ئاللاھنىڭ ئۆلۈپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىنساننى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە قۇدرىتىنىڭ يېتىدىغانلىقى، قىيامەتنىڭ بولۇشىنىڭ ھەقلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ.

4. ئىنساندىن مىڭ ھەسسە چوڭ ۋە قېيىن نەرسىنى يەنى ئاسمان - زېمىننى يارىتىشقا كۈچى يەتكەن ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى بۇ كىچىككىنە ئىنساننى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە كۈچىنىڭ يېتىدىغانلىقى، قىيامەتنىڭ بولۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ۋە چوقۇم بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

5. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۇ يەردە بۇ دۇنيادا قىلغان - ئەتكەنلىرىمىزدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش بۇ دۇنيادا ئادالەتنى بەرپا قىلىشنىڭ، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىكنى يوقىتىشنىڭ بىردىنبىر ئامىلىدۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئەڭ كىچىك ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە ئەڭ كىچىك يامانلىقنىڭ جازاسىنى كۆرىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدىغان ۋە بۇ ئىمانىنىڭ كونتروللۇقىدا ياشايدىغان كىشى قولىدىن كېلىشىچە ياخشى ئىش قىلىشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، يامانلىقتىن، زۇلۇمدىن، ناھەقچىلىكتىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ياخشىلىق، ئادالەت، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش ئومۇملىشىپ، يامانلىق، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىك يوقىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەق يولدا دائىم قىلسۇن، ئامىن!

[20] ئەنفال سۈرىسى: 42 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# سۆز - چۆچەك تارقىتىشتىن ساقلىنايلى

مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

بۈگۈنكى دەۋردىكى مۇسۇلمانلار تارىختىكى ھەر قانداق بىر دەۋردىكىدىن بەكرەك پىتنە - ئىغۋا، سۆز - چۆچەكلەرگە ئالدىنىپ پىكرىي جەڭلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئېلېكتىرونلۇق تەرەققىيات، جۈملىدىن ئۇچۇر - ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەللەردە يېڭىدىن بىخلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بۇ خىل تىپتىكى زىيانكەشلىكلەر قايىنىمىدا ئەڭ ئېغىر ۋەيرانچىلىق ۋە پارچە - پارچە بۆلۈنۈشلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

ئورۇنسىز سۆز - چۆچەك تارقىتىش ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ، ئەر بىلەن ئايالنى، ئائىلە بىلەن بالىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى، قولۇم - قوشنىلارنى تەشكىلاتلار، ھەتتا دۆلەتلەر ئارىسىنى بۇزۇۋېتىشتە ئۆزىنىڭ نىجىس رولىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك ھالدا داۋام قىلىپ كەلمەكتە. نەتىجىدە راست بىلەن يالغاننى، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئەتكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئاچچىق رېئاللىقلارغا دۇچ كېلىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. گويا بۈگۈنكى ۋەزىيىمىز پىتنە - ئىغۋا، سۆز - چۆچەك تارقىتىشتىكىدەك، بۈگۈنكى جەڭلىرىمىز ئۆزئارا بىر - بىرىمىزنى، بولۇپمۇ دىنىمىز ۋە مىللىتىمىز ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىۋاتقانلارنى يىقىتىپ تاشلاشتەك بىر ۋەزىيەت مەيدانىغا كەلمەكتە.

ئەسلىدە ئىسلام دىنىمىز بىزلەرگە گەپ - سۆزلەرنى يۆتكەپ تارقىتىشتا گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاق ۋە قائىدە - نىزاملارنى بەلگىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئەگەر بىز بۇلارغا ئەمەل قىلساق تۇرمۇشىمىز ناھايىتى بەختلىك، قەلبىمىز خۇشال، ئىشلىرىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولاتتى، ئەلۋەتتە.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار).[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1]ھۇجرات سۈرىسى 6

ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ راست ئەمەسلىكىنى ۋە دەلىللەنمىگەن گەپ – سۆزلەرنى تارقىتىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننىڭ يالغانچىلىقىغا ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ يۈرۈشى يېتەرلىكتۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە نامەلۇم كىشىلەرگە دۆڭگەپ قويۇپ گەپ تارقىتىشنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ كىشىلەر شۇنداق قارايدىكەن، دەپ گەپ - سۆز تارقىتىشى نېمە دېگەن يامان باھانە - ھە!».

ئادەتتە سۆز - چۆچەكلەر شەخس، گېزىت - ژۇرنال، رادىيو - تېلېۋىزور، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئۇچۇر - ئالاقە ۋاستىلىرى قاتارلىقلار تەرىپىدىن تارقىلىدۇ.

سۆز - چۆچەكلەر مەزمۇن جەھەتتىن مەدھىيە تۈسىنى ئالغان سۆز - چۆچەكلەر، ئەيىبلەش تۈسىنى ئالغان سۆز - چۆچەكلەر، مەدھىيە ۋە ئەيىبلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆز - چۆچەكلەر، ئىشنىڭ جەريانى بىلەن ماسلاشمايدىغان سۆز - چۆچەكلەر، يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولمايدىغان سۆز - چۆچەكلەر قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك تارقىتىشتىكى مەقسەتلىرى بولسا كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ياخشىلىق قىلىش، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن ھوزۇرلىنىش، ئارتۇق ۋە مۇبالىغە گەپ قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش، سۆز - چۆچەكلەر ئارقىلىق زېرىكىشنى بېسىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا سۆز - چۆچەك تارقاتقۇچى نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟

ھەر بىر گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتتە ئاللاھتىن قورقۇش لازىم.

قىلغان ھەر بىر گەپ - سۆزىدىن ھېسابقا تارتىلىدىغانلىقىنى ئويلاش لازىم.

نىيىتىنى ساغلام قىلىش لازىم.

باشقىلارنىڭ قايغۇسى بىلەن خۇشاللىنىدىغان پەسكەش مىجەز بولۇپ قالماسلىق لازىم.

يېنىدىكى ئادەمگە ياكى ئۆلتۈرغان سورۇنغا يېقىپ گەپ قىلىش لازىم.

ھەر قانداق كىشى ياكى ھەر قانداق سورۇن ھەر قانداق گەپىنى قىلىۋېرىشكە لايىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم.

گەپ - سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن تارقىتىش ۋە ئەسلى گەپكە گەپ قاتماسلىق لازىم.

ئەگەر گەپ - سۆزلەر شەخسلەرنىڭ ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، يوشۇرۇن ئەيىبىنى ئاشكارىلىماسلىق ۋە سازايى قىلماسلىق لازىم.

[2] جامىئۇس سەھىھ 252 بەت

بەزى گەپ - سۆزلەرنى ئىلىم ئەھلى ۋە يۇرت دانىشمەنلىرىگە مەسلىھەت سېلىپ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن پايدىلىق دەپ قارالغاندا تارقىتىش لازىم.

ئۇنداقتا، بىرەرسى سۆز - چۆچەك كۆتۈرۈپ كەلسە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

ھەر بىر گەپ - سۆزنىڭ قىيامەت كۈنى ھېسابى بولىدىغانلىقىنى ھەمىدە ئاللاھتىن قورقۇشنى تەۋسىيە قىلىش لازىم.

ئالدىرىماسلىقتا، ئىغىر - بېسىق بولۇشقا دەۋەت قىلىش لازىم.

يېنىغا كەلگەن سۆز- چۆچەكلەرگە ئاسانلىقچە ئىشەنمەسلىك لازىم.

ئەگەر ئېيتىلغان سۆز - چۆچەكلەر ئىشەنچلىك، ياخشى كىشىلەر ھەققىدە بولسا ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى قاراشتا بولۇش، ئۇرغۇنلىغان ئۆزرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش لازىم.

ئۇنداقتا ھەققىدە سۆز چۆچەك ئېيتىلغان ئادەمگە قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىنىدۇ؟

ئەگەر ئۇ كىشى ياخشىلىق بىلەن تونۇلغان، ئىشەنچلىك بولۇپمۇ ئالىم ياكى مۆتىۋەر كىشىلەردىن بولسا بۇ جەھەتتە ئاللاھدىن دىققەت قىلىش ۋە تىلىنى تارتىش لازىم.

ئەگەر ئۇ تونۇلمىغان، ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولمىغان ھەمدە سۆز - چۆچەكلەرنىڭ راست چىقىپ قېلىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى كىشى بولغان تەقدىردە، دېيىلگەن گەپلەرگە گەپ قاتماسلىق، مۇبالىغە قىلماسلىق لازىم، پاكىتسىز، قۇرۇق سۆزلەرنى تارقىتىش ئەسلا توغرا بولمايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئېنىقلانمىغان پاكىتسىز گەپلەرگە ئىشەنمەسلىك ۋە تارقاتماسلىق، ھەتتا ئېنىق بولغان تەقدىردىمۇ باشقىلارنىڭ ئابرۇيىغا زىيانلىق، دىن ۋە مىللەتكە پايدىسىز گەپلەرنى تارقاتماسلىقىمىز لازىم.

سۆز - چۆچەكلەرگە قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟

كوچىلاردا ئېقىپ يۈرگەن سۆز - چۆچەكلەرنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ:

دەسلەپتە سۆز - چۆچەك شەكلىدە تارقىلىپ بارا - بارا دەلىل - پاكىت ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ راستلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن گەپ - سۆزلەر. بۇنداق سۆزلەرنى ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلساق بولىدۇ، ئەمما تارقىتىش مەسىلىسىدە پايدا - زىياننى مۆلچەرلەپ ئاقىلانە ئىش قىلىش كېرەك.

تارقىتىلغان گەپ - سۆزلەرنى ھەر قانچە قىلىپمۇ ياخشىلىق تەرەپكە تارتىش مۇمكىن بولمىسا ھەم بۇنى تارقىتىشتا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېنىق، كۆچلۈك مەنپەئەت بولسا گەپ قوشماسلىق شەرتى بىلەن تارقىتىلسا بولىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر

قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر)[3].

سۆز - چەكلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

سۆز - چۆچەك تارقاتقۇچىغا ئاللاھنى ئەسلىتىش.

ئېنىق بولمىغان، دەلىلسىز ئىشنى تارقىتىشنىڭ ئاقىۋىتىنى، زىيانلىرىنى چۈشەندۈرۈش.

سۆز - چۆچەكلەرنى قوبۇل قىلىشتا ئالدىراپ كەتمەسلىك.

سۆز - چۆچەكلەرنى سورۇنمۇ - سورۇن كۆتۈرۈپ يۈرمەسلىك تەكرارلىماسلىق، تارقاتماسلىق كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئورۇنسىز سۆز - چۆچەكلەر دېڭىزنىڭ دولقۇنىدەك ئاستا - ئاستا يوقىلىپ كېتىدۇ.

تارقىلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلىپ ھېسابىنى ئېلىش ۋە ئەسلى مەنبە ئارقىلىق يىغىشتۇرۇۋېتىش لازىم.

سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلىغاندا پەرۋا قىلماسلىق ئارقىلىق يۆتكىگۈچى تەرەپنى ئۆز گېپىدىن گۇمانلىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇش لازىم.

گېزىت - ژۇرناللاردا ياكى باشقا ئىجتىمائىي ئۇچۇر - ئالاقە ۋاستىلىرىدا تارقالغان سۆز - چۆچەكلەرگە يەنىلا ئەنە شۇنداق تارقىتىش ۋاستىلىرىدە رەددىيە بېرىش ئۇيغۇندۇر.

سۆز - چۆچەكلەردىن قانداق زىيانلار كېلىپ چىقىدۇ؟

بىگۇناھ ئادەم گۇناھكار دەپ قارىلىدۇ.

پاك كىشىنىڭ ئابرۇيى تۆكۈلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى يوقىلىدۇ.

دۈشمەنلەر كۈلىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ، بەزىدە جاپا تارتماي مەقسىتىگە يېتىۋالىدۇ.

دوستلۇق، ئەر ئاياللىق، قېرىنداشلىق... قاتارلىق تۈرلۈك مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلەر ئاجىزلىشىپ ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچ تۆۋەنلەپ بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالىدۇ.

نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلار توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، ياكى داۋاملىشىۋاتقان ئىشلار بۇزۇلىدۇ.

تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەخلاقلار زور دەرىجىدە بىر - بىرلەپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

(بۇ ماقالە ئەبۇ ئۆمەر ئابدۇل ئەزىز سەدىخاننىڭ «قېرىندىشىم، سۆز - چۆچەك تارقىتىشتىن ھەزەر قىلىڭ» ناملىق ئەرەبچە ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ تەييارلاندى.)

[3] مائىدە سۈرىسى، 8 - ئايەت



# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە:

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 6- سانى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ژۇرنىلىمىز ھەر يىلدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ - ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە، ئىقىم مەسىلىلىرى، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھاللىرى... قاتارلىق دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەرقايسى تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىدۇ.

تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئاپتورلىرىمىز سەمىگە سالماقچىمىز:

1. ماقالە مەزمۇنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ئۆلىمانىي ئىدىيەلەر ياكى ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن ئاشقۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
3. ئۆچمەنلىك ۋە پىتنە تارقىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولماسلىقى كېرەك.
4. شەخس ۋە كوللېكتىپلارغا قارىتا ھاقارەت تۈسىنى ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
5. مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار رىغبەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان مۇلاھىزە ماقالىلىرى، شۇنداقلا تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى يورۇتۇلغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئۈمىد، ئىلھام، ئىپتىخار بېغىشلايدىغان ماقالىلەر ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.
6. ماقالىلەر ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇشى، گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
7. ئايەت، ھەدىسلەر ۋە باشقا نەقىل مەنبەلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىشى كېرەك.
8. ئايەتلەرنىڭ تېكىستى گۈللۈك ﴿ ﴾ تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى چوڭ [ ] تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك.
9. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى قوشۇپ ئەۋەتىلىشى كېرەك.
10. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر چوقۇم ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
11. مەيلى ئىجادىي بولسۇن، ياكى تەرجىمە بولسۇن ،تېما تاللىغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ھېسابلىنىدىغان تېمىلارنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ قارىھاجىمنىڭ 21 يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى بولغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» نىڭ بىر گۇرۇپپا ئۆلىمالار تەرىپىدىن قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلگەن نۇسخىسى نەشر قىلىنىش ئالدىدا...

